ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# تەكەببۇرلۇق ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

هېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# تەكەببۇرلۇق ھەققىدە

# ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

图书在版编目(CIP)数据

关于骄傲的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编.一乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978－7－80744－432－9

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言一汇编一世界一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 122085 号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 经典格言系列丛书 |
| 本册书名 | 关于骄傲的格言 |
| 策划 | 穆拉提·伊力 |
| 主编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>阿依夏木古丽·阿尤甫<br>居来提·尼亚孜<br>贝丽克孜·穆罕默德 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 830000 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印张 | 3 印张 |
| 字数 | 51 千字 |
| 版次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 书号 | ISBN 978－7－80744－432－9 |
| 定价 | 9.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۇنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە - پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالەتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

مەغرۇرلۇقىمىز كۆپىنچە بىلىمسىزلىكىمىزدىن كېلىپ چىقىدۇ.

لېسسىڭ

ئۆگىنىشىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى بىز بىلمەيدىغان نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى بىلىپ بولغان نەرسىلەردۇر.

بېرنارد شاۋ

بىلىمسىز ئادەم توڭگۇزدەك دۆت كېلىدۇ، ئۇلار ئىلىم - بىلىمنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەنسىتمەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

كرېلوف

هاماقەت ئادەم ئۆزىچە كۆرەڭلەپ چوڭچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆز - كۆز قىلىدىغىنى دەل ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە

www.uyghurkitap.com

قالغان يېتەرسىزلىكىدۇر، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ ئۇياتلىق ئىشلار- نىمۇ ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ يۈرىدۇ.

كرىلوف

شەرمەندىلىك ۋە ھاكاۋۇرلۇق ھاماقەت، قارام كىشىلەرنىڭ، ئىنسانلار ئارىسىدىن چىققان تاجاۋۇزچىلارنىڭ ۋە قاراقچىلارنىڭلا نەپسىنى قاندۇرىدۇ، كىشىلەر بۇنداق مۇددىئالاردىن ۋاز كېچىشى، ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان بۇنداق نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغانلارنى يەنە زەھەرلىشىگە يول قويماسلىقى لازىم.

سېن سىمون

ئادەم ھەرقانداق ۋاقىتتا بولسۇن ئۆزىنى ھەممىنى بىلىپ بولدۇم دەپ ھېسابلىماسلىقى لازىم.

پاۋلوف

بىز نەتىجە قازانغان چېغىمىزدا، تويۇقا ئوخشاش باشقىلار پە- يلەپ قويسىلا سەكرەپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. نەتىجىمىز چوڭ بولغانسېرى، شۇنچە كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان بولۇشىمىز لازىم.

ۋاڭ جىنشى

ئالىيجانابلىق ۋە مەردلىك، پەسكەشلىك ۋە پىخسىقلىق، كى- چىك پېئىللىق ۋە دانىشمەنلىك، مەغرۇرلۇق ۋە نادانلىق، مەيلى ئادەم بىر ئورۇندا تۇرغان بولسۇن ياكى ھەرىكەت قىلىۋاتقان بول- سۇن، چوقۇم ئۇنىڭ چىرايىدىن ۋە تۇرقىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

كسېنوفون

پاھ! ئۆزىنى ماختاش نېمىدېگەن تېتىقسىزلىق - ھە!

مونتېسكيۇ

مەن شۇنداق كىشىلەرنى كۆردۈمكى، ئۇلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ياخشى بولسىمۇ، پوزىتسىيىسى تەبىئىي بولغاچقا، كىشى ئۇلارنى گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى دەپ ھېس قىلمايدۇ؛ چۈنكى ئۇلار ئۆزلۈكىدىنلا بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىپادىلىرى ئۆز تەبىئىتىدىن بەلگىلەنگەندەكلا تۇرىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرسىتىپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ شۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى ئۇقمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. مەن ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ياخشى كۆرىمەن، ئۆزىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىدىن ھەيران قالىدىغان، ياخشىلىقلىرىنى مۆجىزە سۈپىتىدە باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپ كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدىغان كىشىلەرنى ياقتۇرمايمەن.

مونتېسكيۇ



ھەرخىل مىجەز - خۇلقلىرىمىز ئىچىدە مەغرۇرلۇقتىن تەرساسى يوق، ئۇنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن يوشۇرساقمۇ، يېڭىپ تۇرساقمۇ، يوقىتىپ تۇرساقمۇ، ھامان ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

فرانكلىن

ئوڭدىن چىقىپ قالغان ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە مەنسۇپ قىلىۋالىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياخشى

ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ.

بېكون

ئىشنى باشقا ئىلىپ چىقماي تۇرۇپ لاپ ئۇرۇش—بەك قاملاـ
شمىغان ئىش.

كرىلوف

ھەرگىزمۇ مەغرۇرلۇق پاتقىقىغا پېتىپ قالماڭلار. چۈنكى، مەغرۇرلانساڭلار، قوشۇلۇشقا تېگىشلىك يەردە كاجلىق قىلىپ تۇرۋالىدىغان بولۇپ قالىسىلەر؛ مەغرۇرلانساڭلار، باشقىلارنىڭ سەمىمىي نەسىھىتىنى ۋە دوستانە ياردىمىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولۇپ قالىسىلەر؛ مەغرۇرلانساڭلار، ئوبيېكتىپ ئۆلچەمدىن ئايرىلىپ قالىسىلەر.

پاۋلوف

ئادەم ھەرقانداق ۋاقىتتا بولسۇن ئۆزىنى ھەممىنى بىلىپ بولدۇم دەپ ھېسابلىماسلىقى لازىم. باشقىلار سىلەرگە قانچە يۇقىرى باھا بەرسە بېرىۋەرسۇن، سىلەر ئۆزۈڭلارغا مەن تېخى ھېچنېمە بىلمەيمەن دەپ تۇرۇشقا مەڭگۈ جۈرئەت قىلىشىڭلار لازىم.

پاۋلوف

ئۇچىغا چىققان مەغرۇرلۇق بىلەن ئۇچىغا چىققان مەيۈسلۈك روھىي دۇنيانىڭ ئەڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

سپىنوزا

مەغرۇر ئادەم ئالىيجاناب ئادەملەردىن يىرگىنىدۇ، ئۆزگە يۆـ



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لىنىۋالىدىغان ۋە خۇشامەت قىلىدىغان ئادەملەرگە ئامراق بولىدۇ… ئەمما بۇنداق ئادەملەر ئۇنى ئەخمەق قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ماسلىشىپ، ئۇنى ناداندىن تەلۋىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

سپىنوزا

مەغرۇر ئادەمنىڭ ئىچى تار كېلىدۇ، ئۇنداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئەخلاقى ۋە مىجەزى بىلەن كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان كىشىلەرگە ھەممىدىن بەك ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ.

سپىنوزا

مەيۇسلۇك دېگىنىمىز ئازابلىنىش تۈپەيلىدىن ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش كەيپىياتىدۇر.

سپىنوزا

مەيۇسلۇك كۆپ ھاللاردا ھۇرۇنلۇق بىلەن ھەمراھ بولۇپ، ئادەمنىڭ چەكلىك نىشانىنىلا كۆزلەيدىغان يامان كەيپىيات ئىچىدە جان بېقىشىنى ئاقلايدۇ. بۇنداق كەمتەرلىك بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

گېگېل

ئۆز ئىشىنى ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ يۈرىدىغان ئادەم ھېچقانداق قىممىتى يوق ئادەمدۇر. ھەقىقىي تۈردە جاپاغا چىداپ ئىشلەيدىغان كىشىلەر كۆپىنچە چوڭ پاراڭ قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئىشلىرىلا ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. بىراق ئۇلار مۇھىم ئىشلارنى پىلانلىغاندا ئۇنى چىقارمايدۇ.

كرېلوف

ئۇلۇغ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن ھەرگىز قا-
لايمىقان پايدىلىنىۋەرمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلاردىن ئېشىپ
چۈشىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ھەرگىز ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدۇ. ئۇلار
باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەنسېرى، ئۆزلىرىنىڭ يېتەرسىز تەرەپ-
لىرىنى شۇنچە ھېس قىلىدۇ.

روسسو

قەيسەر ئادەملا كەمتەر كېلىدۇ.

گېرتسېن

تەكەببۇرلۇق شەيتاننىڭ ئىشى، مەنمەنلىك نادانىنىڭ ئىشى.

ئەلىشىر نەۋائى

تەكەببۇر ئادەم تەڭرىنىڭ دوستلىرى ئالدىدا ۋە تەڭرى ئالدىدا قوغلاندى ۋە لەنەتكە سازاۋەردۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

مەن بىكارچىلىقتا—ئۆزۈمگە قىلىنغان، ئۆز - ئۆزۈمگە قىلىنغان ئۆزگە خاس سۆيمەقەست دەپ قارايمەن.

ف. چېستېرفېلد

بىكارچىلىقتا ئادەتلىنىش ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر كۆڭۈلسىزلىكتۇر.

ل. ن. تولستوي

بىكارچىلىقنى راھەت ـ پاراغەت دەپ بىلىش، ئەمگەكنى بولسا جازا دەپ قاراش غەلىتە ۋە زىيانلىق بولغان ئۇقۇشماسلىقتۇر.

ل. ن. تولستوي

ئەگەر بىرەر كۈن ئىشلىمىسەم ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلتۈرگەن بولىمەن.

ل. ن. تولستوي

كۈلپەتنى بىكارچىلىق بىلەنمۇ، ھۇرۇنلۇق بىلەنمۇ بىر تەرەپ قىلالمايسەن.

م. سېرۋانتېس

قەيەردە بىكارچىلىق ھۆكۈم سۈرىدىكەن، ئەقىل مەشئىلى نۇر چاچمايدىكەن، ئۇ يەردە شان ـ شۆھرەت ۋە باقىيلىققا ئىنتىلىشمۇ بولمايدۇ. ئۇ يەردە ياخشىلىق ھەققىدە تەسەۋۋۇرمۇ، ھەتتا ئۇنىڭ شەپىسىمۇ بولمايدۇ.

ت. تاسسا

ھۇرۇن ۋە ئەقىلسىزلەر پاراۋانلىقنىڭ كۈشەندىسى.

ئا. ئا. بلوك



بىكارچىلىق ئىشقا قارىغاندا كۆپرەك ھارغۇزىدۇ.

ل. ۋاۋېنارگ

ھەرىكەتسىز بەخت بولماس.

ف. م. دوستويېۋسكىي

www.uyghurkitap.com

ھەممە نەرسىگە تاقەت قىلغىلى بولسىمۇ، بىكار يۈرۈشكە تاقەت قىلغىلى بولمايدۇ.

چ. دارۋىن

بىرەرمۇ ئىش قىلماسلىقتىن دەھشەت ئىش يوق.

ئا. ئى. گېرتسېن

مېنىڭچە، بىكارچىلىق يالغۇزلۇقتىنمۇ ئېغىرراق ئىللەت، دائىم ئۆزۈڭ بىلەن ئۆزۈڭ بولۇش، تۆت تام ئىچىدە پەقەت ئۆزۈڭنى كۆرۈش، قىلغان ھەممە ئىشىڭ گەپ سېتىشتىن ئىبارەت بولسا، ئۇ ھالدا ھېچقانداق نەرسە ئەقلىنى بۇلاردەك يۇزەكلەشتۈرمەيدۇ ۋە ھېچبىر نەرسە بۇنچىلىك گۆدەكلىك، غەيۋەت ۋە ھالاۋەتسىزلىكنى تۇغدۇرمايدۇ.

ژ. ژ. روسسو

ئىش بىلەن شۇغۇللانمىغان ئادەم ھېچقاچان ھەقىقىي بەختكە ئىگە بولالمايدۇ، ھۇرۇننىڭ يۈزىدە سىز دائىم نارازىلىق ۋە بىپەرۋالىقنى كۆرىسىز.

ھ. ھېيني

پائالىيەتسىزلىك ۋە بىمەنە ئاۋارىگەرچىلىك ئادەمنى بەكمۇ چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ.

د. ئى. پىسارېف

ئەمگەكسىز ئادەم ئالغا باسالمايدۇ، بىر يەردە توختاپمۇ تۇرال-مايدۇ، لېكىن چېكىنىپ كېتىشى ئېنىق.

ك. د. ئۇشىنىسكىي

ھۇرۇن ئادەمنىڭ يۈزسىز سۆرەلمىلىكى جىمجىت توختاپ قالغان سۇغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا قۇرت - قوڭغۇز، پاسكىنا ئىتبېر-لىقلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايدۇ.

م. ۋ. لومونوسوف

بىپەرۋالىق ۋە ھۇرۇنلۇق—جان ۋە تەنىنىڭ ھەقىقىي مۇزلىشى.

ۋ. گ. بېلىنىسكىي

ھۇرۇنلۇق شۇبھىسىزكى، ئىستېداتىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە ئەڭ يامان توسالغۇدۇر.

ئى. دېلاكروئا

ئىكارچى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق ھاياتى جەريانىدا ئۆلگەن ئادەملەردۇر.

ت. فوللېر



ئىكارچى ئۆمۈر—ۋاقىتسىز قېرىش دېگەن سۆز.

ئى. گيوتى

ئىكارچى ئادەم ئىستېرىلكىسى يوق سائەتنىڭ ئۆزىدۇر.

ف. كۇپىر

بىكارچىلىقتىن ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئاجىزلىق كېلىپ چىقىدۇ.

د. ئى. پىسارېف

ئەڭ بۈيۈك ئىستىبدادلارنىمۇ بىكارچىلىق رەسۋا قىلىدۇ.

م. مانتىن

ھەممە ئەسكىلىكنىڭ يىلتىزى—بىكارچىلىقتا.

ئا. ۋ. سۇۋوروف

بىكارچى ھايات پاك ھايات ئەمەس.

ئا. پ. چېخوف

زېرىكىش—بىكارچىلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

ستېندال

قىزىقىشى قانچە كەم بولسا، كۈن شۇنچە تەسلىكتە ئۆتىدۇ.

م. ئەبنېر ـ ئەشېنباخ

ئىشلىگەن ئادەم زېرىكمەيدۇ.

م. گوركىي

قىيىنچىلىق كۆپىنچە ھورۇنلۇقنىڭ مېۋىسى.

س. جونسون

ھورۇنلۇق ھەرقانداق ئىشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ.

ب. فرانكلىن

قايناۋاتقان قازانغا چىۋىن يېقىنلىشالمىغاندەك، ئىش بىلەن بەند كىشىنىڭكىگە بىكارچى مېھمان كەم كېلىدۇ.

ب. فرانكلىن

بىكارچىلىقنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك داۋاسى—دائىملىق ۋە ھالال ئەمگەكتۇر.

م. سېرۋانتېس

ئەمگەك بىلەن تاپقان ئارامدىن لەززەتلىكى يوق.

ئا. پ. چېخوف

ھەقىقىي ۋە ساغلام خۇشاللىقتىن بىرى ئەمگەكتىن كېيىن-كى ھاردۇق.

ئى. كانت

ئەمگەكتىن ئاۋۋال ئەمەس، پەقەت ئەمگەكتىن كېيىنلا ھەق-لىق ھالدا راھەت - پاراغەتتىن بەھرىمەن بولۇش مۇمكىن.

ئانتىسفىن

ھەرقانداق ئەندىشە ۋە نەپرەتتىن خالىي بولغان بۈيۈك روھىي لەززەتلىنىش—ساق ئادەمنىڭ ئىشتىن كېيىنكى ھاردۇقىدۇر.

ئى. كانت

بىكارچىلىق دەم ئېلىش ئەمەس.

ف. كوپېر

ئىنسان شۇنداق يارالغانكى، باشقا ئىشقا قول تىقىش بىلەن ئاۋۋالقىسىدىن ئارام ئالىدۇ.

ئا. فرانس

پەقەت ئۆزىنى بىلىدىغان، يۈرىكىدىكى نىيەتلىرىنى نوقۇل ئۆزىگە قارىتىدىغان ئادەم ئەڭ ئەخمەق ئادەمدۇر.

ژ. ژ. روسسو

شەخسىيەتچىلىك ئۈستىدىن قازىنىلغان غەلىبە ئەڭ شەرەپلىك غەلىبە.

ب. بۇئاست

پەقەت ئۆزىنى ئويلايدىغان، ھەممە نەرسىدىن ئۆزىگە مەنپەئەت ئىزلەيدىغان ئادەم بەختلىك بولالمايدۇ. ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياشاشنى خالىساڭ، ئالدى بىلەن باشقىلار ئۈچۈن ياشا.

سېنېكا

پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ياشىمىغان ئادەملا ياشىيالايدۇ.

مېناندر

ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئىشلىگەن ئادەم قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغان ھايۋانغا ئوخشايدۇ. ھەقىقىي ئادەم ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

ئاباي قۇنانبايېف

پەقەت بىر ئۆزى ئۈچۈن ياشاش——شەرمەندىلىك.

ن. ئا. ئوستروۋسكىي

پەقەت ئۆزى، ئۆز پاراغىتىنى ئويلاش ھايۋانلىق.

ۋ. ئا. سۇخوملىنسكىي

شەخسىيەتچىلىك نەپرەتلىك، ئۇنى تۈزەتمەي، ئەكسىچە پەرـ دازلىغۇچىلار دائىم نەپرەتكە لايىق.

ب. پاسكال

شەخسىيەتچىلىك داۋاسىز يۇرەك كېسەللىكىدۇر.

ۋ. ئا. سۇخوملىنسكىي

ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك—رەزىللىكنىڭ بېشى.

م. گوركىي

شەخسىيەتچىللىك ئومۇملۇق بىلەن چىقىشالمايدۇ، ئۇ ئاـ دەمنى ئىنسانىيەتتىن ئاجرىتىدۇ. ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا سېلىپ قويىدۇ.

ئا. ئى. گېرتسېن

شەخسىيەتچىلەرنىڭ ئۈچ خىل تائىپەسى بولىدۇ: ئۆزى ياـ شاپ، باشقىلارنىڭ ياشىشىغا ھالاقىت بەرمەيدىغان شەخسىيەتچى؛ ئۆزى ياشاپ باشقىلارغا كۆن بەرمەيدىغان شەخسىيەتچى؛ ئۆزىمۇ ياـ شىماي، باشقىلارنىڭ ياشىشىغىمۇ كۆن بەرمەيدىغان شەخسىيەتچى.

ئى. س. تۇرگېنېف

ئۆز نەپسىنى ۋە قورسىقىنى ئويلايدىغان بىرەرمۇ ئادەم ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق گۈزەللىك يارىتالمايدۇ.

پ. سكاردۇن

شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئۆتمۈشى بوشلۇق، ھازىرى دەشت ـ چۆل، كېلەچىكى يوقلۇقتىن ئىبارەت.

س. سېيگۇر

ئەگەر ئادەمنىڭ خۇسۇسىي نەرسىسى كۆپ جاينى،جامائەتچىلىكنىڭ ئىشلىرى بولسا ئاز جاينى ئىگىلىسە، ئۇنداقتا شەخسىي كۆلپەتنى—يەتكۈدەك كۆلپەت دەۋىرىڭ.

ن. ئا. ئوستروۋسكىي

ئەگەر ئادەم پەقەت ئۆزىنى ئويلىسا، مۇشەققەتلىك ھايات سىناقلىرىغا دۇچ كەلگەندە، ئۇ ئۆز تەقدىرىدىن زارلىنىدۇ، مىسلىسىز ئازاب ئوتىدا قالىدۇ.

ف. ئە. دزېرژىنسكىي

مۇھەببەت بار جايدا ئادەم ئىرادىسىنى سۇندۇرالايدىغان كۈچ بولمايدۇ. ئەڭ يامان بەختسىزلىك شەخسىيەتچىلىك.

ف. ئە. دزېرژىنسكىي

شۆھرەتپەرەسلىك ئەڭ يامان خاھىش. مېنى بۇ خاھىشتىن قۇتۇلدۇرغىن، قالغانلىرىدىن ئۆزۈم قۇتۇلىمەن.

ر. شېرىدان

شۆھرەتپەرەسلىك ئادەمنىڭ ئەڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدۇر، لېكىن، ئەينى چاغدا ئادەملەرنى تەبىئىيلىكتىن مەھرۇم قىلغۇچىمۇ، شۇ شۆھرەتپەرەسلىك.

ل. ۋاۋېنارگ

ھېچقاچان، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزۈڭگە مەنمەنلىكنى ۋە تەكەببۇرلۇقنى ئىختىيار قىلما.

ئا. پ. چېخوف

تەكەببۇرلۇق جانسىز بىر ماتا:
يۈيۈلسا قىسقىرار قىلمىغىن خاتا.

ۋ. شېكىسپېر

ئادەمگە ئەقىل قانچە يېتىشمىسە، ئۇنىڭدا شۇنچە تەكەببۇرلۇق بولىدۇ.

ئا. پوپ

كىم ئۆزىنى ھۆرمەت قىلمىسا—ئۇ بەختسىز، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ كېتىشمۇ تەنتەكلىكتۇر.

گ. مۇپاسسان



ئۆزىگە مۇنار تىكلەش ۋە مەنمەنلىك بەختسىزلىك، ئۇ كىشىنى ئەخمەق قىلىپ قويىدۇ.

ك. لىبكنېخت



www.uyghurkitap.com

ئەخمەقلىق بىلەن تەكەببۇرلۇق ئاكا ـ ئۇكا.

پ. بومارشې

شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلىش ئەزەلدىن دانالارنى ئەقىلسىز قىلىپ كەلگەن.

ئى. كانت

ئەگەر شۆھرەتپەرەسلىك كىمنىدۇر بەختكە ئىگە قىلغان بولسا، بەلكى ئاشۇ ئادەم تەنتەك بولسا كېرەك.

ژ. ژ. روسسو

شۆھرەتپەرەسلىك بۈيۈكلۈكتىن كۆرە، كۆپرەك ئاجىزلىقنىڭ بەلگىسى.

ژ. سۋىفت

شۆھرەتپەرەس كىشى ئۆزى بىلەن ئۆزى شۇنچىلىك بەندكى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە تېرىقچىلىكمۇ باشقا نەرسە سىغمايدۇ.

ت. پېن

كونا تېرە شامالدا كۆپچۈيدۇ، ئەقىلسىز كاللا بولسا—تەكەببۇرلۇقتا.

م. كلائۇدىئۇس

دائىم قاپىقىنى سېلىپ يۈرۈش ئوتتۇرىدا تۇرۇش نىقابىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ف. ۋولتېر

سۆلەتۋازلىق — گەۋدىنىڭ شۇنداق بىر غەلىتە خۇسۇسىيەتىكى، ئۇنىڭ بىلەن ئەقىلنىڭ كەملىكى پەرقلىنىدۇ.

ف. لاروشپك

كەمچىلىكى، بولۇپمۇ روھىي كەمچىلىكى بار ئادەملەر دائىم ئۆزلىرى ھەققىدە يۇكسەك پىكىر قىلىدۇ. گويا سىخىي تەبىئەت كىمنى ئەڭ ئاۋۋال ئەقىلدىن قىسقان بولسا، ئاشۇ كەمچىلىكنى تولدۇرۇش ئۇچۇن، مەنمەنلىكنى قوشۇمچە چارە سۈپىتىدە ئەۋەتىۋاتقاندەك.

ئى. گيوتى

ئىززەت تەمە قىلىش ئەقىلنىڭ يېتەرسىزلىكى.

ئو. دېۋېنارنت

بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ھاكاۋۇرلۇق، قەتئىيلىكى رەھىمسىزلىك، ئەقىل - پاراستى ھىيلىگەرلىك بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

ج. لابريويېر



ئىززەت تەلەپ قىلىش پەسكەش يۇرەككە ھالال يۇرەككە قارىغاندا، تېزرەك ئوت ئالدۇرىدۇ. ئوت - چۆپ دۆۋىسى باراڭ ياكى سارايغا قارىغاندا چاپسان كۆيۇپ تۈگەيدۇ.

ن. شامفور

ئەخمەق ئادەم ھەتتا ئەمەلدىن (مىنىستىرمۇ ياكى ياش كا- تىپمۇ) چۈشسىمۇ پۈتۈن كىبىر—ھاۋاسىدىن ۋە بىمەنە تەكەببۇر- لۇقىدىن قالمايدۇ.

ن. شامفور

شۆھرەتپەرەس ئادەم ئۆزى ھەققىدە ياخشى سۆزلەپمۇ، يامان سۆزلەپمۇ ھۇزۇرلىنىدۇ؛ كەمتەر ئادەم بولسا ئۆزى ھەققىدە سۆز- لىمەيلا قويىدۇ.

ج. لابرىيويېر

شۆھرەتپەرەس ئادەم ھەمىشە پەسكەش بولىدۇ.

پ. ئى. چايكوۋسكىي

شۆھرەتپەرەسلىك بىزنىڭ دىلىمىزدا بىزگە قارشى ھەرىكەت قىلغۇچى دەھشەتلىك كۈچ.

ۋ. ھيۇگو

شۆھرەتپەرەسلىك ئەقلىمىز تەلپىگە قارىمۇ قارشى ھالدا، دىلىمىزگە قارشى ھەرىكەت قىلىشقا بىزنى كۆپرەك مەجبۇر قىلىدۇ.

ف. لاروشفېك

شۆھرەتپەرەسلىك ئۆزىمىز لايىق بولمىغان شان ـ شۆھرەتكە ۋاقىتسىز ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئا. سىمىت



www.uyghurkitap.com

دانالىق ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ ياخشىلىقىغا ئىشىنىش ئۇ-چۇنلا ئېتىراپ قىلىنىشنى خالايدۇ؛ شۆھرەتپەرەسلىك بولسا ماخ-تاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

پ. بۇئاست

قۇرۇق—بوش ئادەم ئۆزىدە يوق پەزىلەتلەر ھەققىدە ياخشى گەپ ئاڭلىسا، شۆھرەتپەرەسلىكى تۇتۇپ كېرىلىپ كېتىدۇ، ماختىنىپ، ئۆز ئىشى ۋە ئۆز شەخسىيىتىگە نىسبەتەن تېرىقتەك تەنقىدنى قارشى ئېلىش لاياقىتىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ.

د. ئى. پىسارېف

ئەڭ يامىنى—بېشى ئايلىنىپ قالغان ئەخمەق.

ج. گولسۇئارسى

ئۆزىگە مۇنار تىكلىگەن ئادەم جەمئىيەت كۆكسىدە قېتىپ قالغان ئۆسمە.

م. گوركىي

تەكەببۇرلۇق ئۆزى ھەققىدە يۇكسەك پىكىر قىلىپ، باشقى-لارغا بولسا، تۆۋەن نەزەر بىلەن قاراشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

م. مانتېن



مەنسىپى يوق ئادەم ئالدىدا غادىيىپ، مەنسەپدارلار ئالدىدا شەرمەندىلەرچە يەرگە ئېگىلىشىمىزنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى تەكەب-بۇرلۇقىمىزدىندۇر.

ج. لابريويېر

www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىك ئارىسىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ كىرىلگەن ئادەم، ئەگەر ئۇ ھۆرمەت قىلىنىشنى ئىزلەۋاتقان بولسا، ئەينى شۇ ئىزلەۋاتقىنىغا زىت نەتىجىگە ئىگە بولىدۇ.

ج. لابرىيويېر

ساختا ھۆرمەت بىرەر ئىش قىلماي تۇرۇپ مەنمەنلىككە بېرىلىشنىڭ جازاسىدۇر.

ن. شامفور

ھەممە كىشىنىڭ ئېتىبارىغا ئىگە بولۇشقا ئىنتىلىش—ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە زىيان، چۈنكى ھېچقانداق نەرسە يۇرەكنى كىشىلەرگە ياقمەن دەپ ئۇرۇنۇشتەك بەربات قىلمايدۇ.

م. گوركىي

شۆھرەتپەرەسلىك كىشى بېشىغا چۈشىدىغان ئېغىر كۈلپەتلەرنىڭ مەنبەسى.

ژ. ژ. روسسو

... كىمنى ئىززەت تەلەپ قىلىش ئالۋاستىسى رام قىلغانىكەن، ئۇنى باشقۇرۇشقا ئەمدى ئەقىلنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ ۋە ئۇ تەڭداشسىز كۈچ چاقىرغان تەرەپكە قاراپ چېپىۋېرىدۇ...

ك. ماركس

ھېچ تويمايدىغان شۆھرەتپەرەسلىك ئادەمنىڭ ئېڭىنى

ئاجىزلاشتۇرىدۇ ۋە ئۆزىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان خەتەرنى سەز-
دۈرمەيدۇ.

ئېزوپ

شۆھرەتپەرەس ئادەملەر دانالارنىڭ نەپرىتىگە ئىگە بولىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تەنتەكلەرنىڭ ھەيرانلىقىنى ئويغىتىپ، تەي-
يارتاپلار چوقۇنىدىغان ئادەمگە ۋە ئۆز ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ قۇلىغا
ئايلىنىدۇ.

ف. بېكون

ئىززەت تەلەپ قىلىش ئارىلىشىۋالغان جايدا سەمىمىيەتكە
ئورۇن بولمايدۇ.

ئو. بالزاك

شۆھرەتپەرەسلىك ئادەمنى مەمەدانە قىلىدۇ.

ئا. شوپېنگائوئېر

دانا ئادەم ھەممە ئادەمنىڭ ئىززىتىگە ئېرىشمەن دەپ چېپىپ
يۈرۈشى شەرت ئەمەس. ئىززەتنىڭ ئۆزى ئىختىيارسىز، ئۆز ئايىغى
بىلەن كەلسۇن.

ن. شامفور



ئۆز خىسلەتلىرىنى تولا سۆزلەيدىغان ئادەم كۆپىنچە ياخشى
ئادەم بولۇپ چىقمايدۇ.

ج. نېھرۇ

www.uyghurkitap.com

ئۆز ياخشىلىقلىرى بىلەن ماختانغان ئادەمدىن قورق.

م. ئەبنېر ـ ئەشېنباخ

ئادەملەر ئۆز نۇقسانلىرىنى ئېچىپ كۆرسەتمەيدۇ—ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نۇقسانلىرىنى يېقىملىق نىقاب بىلەن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئو. بالزاك

مەنىۋى مەجرۇھلۇق كۆپىنچە ۋە غايەت ماھىرانە بىر شەكىلدە تاشقى سۆيۈملۈكلۈك بىلەن پەردىلىنىدۇ.

م. گوركىي

ماختانچاقلارمۇ سۆلەت مىلتىقىدەك، تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال.

پىفاگور

ھازىرقى ئىشتىن ماختىنالمىغان ئادەم ئىلگىرىكى خىزمەتلىرى بىلەن ماختىنىدۇ.

تىستېپسرون

ماختاشنىڭ كەينىدىن قوغلىما، ئەمما بارلىق كۈچۈڭ بىلەن ماختاشقا سازاۋەر بولۇشقا تىرىش.

يا. كومېنسكىي

ئۆز ـ ئۆزىنى ماختاش ئادەمنى يەرگە ئۇرىدۇ.

م. سېرۋانتېس

كىمىكى ئۆزىنى بىلگەن ئادەم ئالدىدا ماختانسا، گەپ يوق كۈلكىگە ئالىدۇ.

ئېزوپ

ئەسلىدە ھەممەتلىك بولغان ئادەملەر ھېچ ۋاقىت غادايمايدۇ.

ف. لاروشفېك

ئادەم ئۆزىنى ئۆزى كۆتۈرەلمىگەندەك، ئۆزىنى ئۆزى ماختىماسلىقى كېرەك. ئەكسىچە، ئۆزىنى ماختاشقا ھەرىكەت قىلىش ئادەملەر ئالدىدا ئۆز ئابرۇيىنى تۆكىدۇ.

ل. ن. تولستوي

تاشقى كۆرۈنۈشىنى كۆز ـ كۆز قىلغان ئادەمنىڭ ئىچى بوش.

ئو. بالزاك

ئۆزىنىڭ ئەقلىدىن ماختانماسلىق ئۇچۇنمۇ زور ئەقىل كېرەك.



ف. لاروشفېك

ئادەمنىڭ ئۆزى ئۆز پەزىلەتلىرى ھەققىدە قانچە ئاز بىلسە، ئۇ بىزگە شۇنچە كۆپ ياقىدۇ.

ر. ئېمېرسون

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر ئۆزىڭىزگە دۈشمەن كۆپەيتىشنى خالىمىسىڭىز ئادەملەردىن ئۈستۈن تەرىپىڭىزنى سەزدۈرمەڭ.

ئا. شوپېنگائۇئېر

ئۆز پەزىلىتىمىز ھەققىدە قانچە كۆپ سۆزلىسەك، خەلق ئۇنىڭغا شۇنچە ئاز ئىشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

پ. بوشېن

ئۆزىڭىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزغا ئادەملەرنىڭ ئىشىنىشىنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا ئاشۇ ياخشىلىقىڭىزنى ماختىماڭ.

پ. پاسكال

ئۆزىنى قەدىرلىگەنگە ھەممە ۋاقىت ئىشىنىشكە بولىدۇ - يۇ، ئەمما ماختانچاقتا زادى ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

م. مانتېن

ھەممىگە يېقىش ئارزۇسى ئەڭ كۈلكىلىك ئارزۇ.

ئى. گيوتى

ئۆزۈڭ ھەققىدە زۆرۈرىيەتسىز بىر ئېغىزمۇ سۆزلىمە. ئاۋۋال قىلغان، ھازىر قىلىۋاتقان ۋە كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرىڭ ھەققىدىمۇ زادى ماختانما.

ك. د. ئۇشىنسكىي

ئۆزى ھەققىدە كۆپ سۆزلەشتىنمۇ سەترەڭ ئىش يوق.

ژ. لېئوپاردى

ياخشىسى، بىز ئۆزىمىزنى ماختىمايلى، خەلق ماختىسۇن.
دېموكرىت

بىز ئەسلىدە قانداق بولساق، شۇنداق بولغىنىمىزدا ۋە ھېچ-قاچان باشقىچە بولۇپ كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنمىغىنىمىزدا، بىز ئادەملەر ئالدىدا ئۇتاتتۇق.
ف. لاروشفېك

ھەممە ماختانچاقلارنىڭ بىردىنبىر قىسمىتى شۇكى، ئۇلار ئەتىمۇ، كەچمۇ، ھەر ھالدا پەشۋا يېيىشىدۇ.
ۋ. شېكسپېر

قارىغاندا، ھەممە تۇغما ھېس - تۇيغۇلىرىمىز ئىچىدە، بولۇپ-مۇ غۇرۇرىمىزنى يېڭىشىمىز قىيىن بولسا كېرەك؛ ئۇنى قانچە يوشۇرما، ئۇنىڭ بىلەن قانچە ئېلىشما، بوغما، چالا ئۆلۈك قىلما — ھامىنى ياشاۋېرىدۇ، ۋاقتى - ۋاقتىدا ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.
ب. فرانكلىن

ھەقىقىي غۇرۇرلۇق كىشى بەك تارتىنچاق كېلىدۇ ۋە خەقنىڭ گەپ - سۆزىدىن قورقىدۇ.
ن. ۋ. شېلگونوف



ئەگەر بىز ھەقىقىي غۇرۇرلۇق بولغىنىمىزدا دۇنيانى بۇنچە-ۋالا رەزىللىكلەر قاپلىمايتتى.

ئى. زېيمې

www.uyghurkitap.com

غۇرۇر—ئالىيجاناب ھېسسىيات، ئۇ شەخسىي كەمچىلىكلەر-
دىن كۆز يۇممايدۇ، كىبىر بولسا ئۇنىڭ ئەكسى.

گ. لىختېنبېرگ

كىبىر غۇرۇرغا تەندۇر.

ئە. فېيختېرسلېبېن

مەغرۇر ئادەملەر باشقىلاردىكى غۇرۇرنى ئۆزىگە سىڭدۈرەلمەيدۇ.

ب. فرانكلىن

ئەگەر بىزنى غۇرۇر قىينىمىغاندا، باشقىلارنىڭ غۇرۇرىدىن شىكايەت قىلمايتتۇق.

ف. لاروشفىك

مەغرۇر ئادەمدە ئالىي ھىممەت كەم. ئۇ دائىم ئۆزى مۇناسىپ بولغىنىدىن كەم ئېلىۋاتىمەن، دەپ ئويلايدۇ.

گ. بىچېر

توختىماي سۆزلەپ، باشقىلارنى سۆزلەتمەسلىك مەغرۇرلۇق-نىڭ بەلگىسى.



دېموكرىت

پەسكەش ئادەملەرنىڭ غۇرۇرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار دائىم ئۆزلىرى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ھەقىقىي ئىنسانلارنىڭ غۇرۇرى

بولسا ئۆزى ھەققىدە مۇتلەق سۆزلىمەسلىك.

ف. ۋولتېر

مەغرۇرنىڭ تۇرقى سەت.

ئا. تېرمىزدي

چۈپەي ئادەمنىڭ مەغرۇرلۇقى چوڭ بولىدۇ.

ف. ۋولتېر

زىيادە غۇرۇر—پەسكەش قەلب نىقابى.

ئى. س. تۇرگېنېف

غۇرۇر—تېيىلغاق تىك تاغ بولۇپ، تۆۋەندە بىزنى تەكەببۇر-لۇق ۋە مەنمەنلىك كۈتۈپ تۇرىدۇ.

پ. دېكۇرسېل

ئۆزىمىزدىكى بىمەنە خىسلەتلەرنى باشقىلار ئۆزىمىزدەك ياخ-شى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا مىكروسكوپمۇ ھېچ گەپ ئەمەس.

ئا. پوپ

شۆھرەتپەرەسلىك—خۇشامەتچىلىكنىڭ ئالىي چوققىسى.

ف. لاروشفېك



ئۆز - ئۆزىگە مەھلىيا ئادەم—ئەخمەق بىلەن بىزەڭ ئارىسى-دىكى دەردسىز ئادەمدۇر. ئۇنىڭدا ئەخمەقلىقمۇ، بىزەڭلىكمۇ تېپى-لىدۇ.

ج. لابريويېر

مەغرۇرلۇق قىزىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئادەم قانچىلىك قا-بىلىيەتلىك، ئەقىللىق، ئوقۇمۇشلۇق، ئاجايىپ ئىستېداتلىق، ھەتتا قەلبى پاك بولسىمۇ—ئەگەر ئۇ تولىمۇ غادىيىۋالسا يۇقىرى-دىكى ھەممە پەزىلەتلىرى كەمچىلىككە ئايلىنىدۇ.

ل. ن. تولستوي

ئۆز ـ ئۆزىگە مەستلىكى كېلىش ۋە ئۆزىنى قەتئىي ئەقىللىق دەپ ئىشىنىش بەختسىزلىك، پەقەت ئەقىلسىز ياكى ئەقلى قىسقا ئادەملەر شۇنداق بولىدۇ.

ج. لابرىيوير

ئادەم ئۆز ـ ئۆزىدىن قانچىلىك مەمنۇن ئىكەن، ئۇنىڭدا مەم-نۇن بولىدىغان خىسلەتلەر شۇنچىلىك ئاز بولىدۇ.

ل. ن. تولستوي

ئۆزى ھەققىدە ئادەم قانچىلىك يۇقىرى باھادا بولسا، ئۇنىڭ ئەھۋالى شۇنچىلىك خەتەرلىك بولىدۇ.

ل. ن. تولستوي



پەقەت ئۆزىنى ئويلايدىغان دانالىق، قانداق كۆرۈنۈشتە بولۇ-شىدىن قەتئىينەزەر قەبىھلىكتۇر.

ف. بېكون

مۇغەمبەرلىك—تولىمۇ چەكلەنگەن ئادەملەرنىڭ پىكىر

قىلىش شەكلى بولۇپ، تېشى بىلەن ئىچى زادى ئوخشىمايدۇ.

ئى. كانت

ئۆزلۈكسىز مۇغەمبەرلىك قىلىش ئادىتى پىكىر دائىرە جە-ھەتتىكى تازىلىقنىڭ بەلگىسى. ھەممە ۋاقىت دېگۈدەك بىر يەردە مۇغەمبەرلىك قىلىمەن دېگەن ئادەم باشقا جايدا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

ف. لاروشفېك

مۇغەمبەرلىك تازا ئەقىلسىزلىك: ئۆز مەقسىتىگە توغرا يول بىلەن يېتەلمىگەن ئادەم ئۇنىڭغا يالغان - ياۋىداق، ئەگرى يول بىلەن يېتىشكە ئۇرۇنىدۇ؛ مۇغەمبەرلىكنىڭ پاجىئەسى شۇنىڭدىكى، ئۇ بىر قېتىم بىلىنمەيدۇ. ئەمما كېيىن ھەممە ۋاقىت ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ژ. لوكك

بىرسىگە مۇغەمبەرلىك قىلىش مۇمكىنىۇ، لېكىن، ھەممە ئادەمگە مۇغەمبەرلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

ف. لاروشفېك



تولىمۇ مۇغەمبەر ئادەملەر كۆپىنچە داغدا قالىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئەقىللىقرەك، توغرىراق، مۇكەممەلرەك دەپ ئويلاپ، خاتالىشىدۇ.

گ. فلدىڭ

www.uyghurkitap.com

ئادەم باشقىلارنى ئالداۋاتىمەن، دەپ ئويلاۋاتقان چاغدىكىدەك ئاسان ئالدانمايدۇ.

يا. كوزىلىنسكىي

مەن دائىم «ئالدامچى ئاخىر نەتىجىدە ئۆزىنى ئالدايدۇ» دەپ تەكرارلىغانمەن ۋە يەنە تەكرارلاۋېرىمەن.

م. گەندى

ئۆز مۇغەمبەرلىكىنى يوشۇرالىغان مۇغەمبەر تېخى ھازىرغىچە دۇنياغا كەلمىدى.

ژ. لوكك

مۇغەمبەرلىك بىلەن ئالدامچىلىقنىڭ ئارىسى—بىر قەدەم، بىرىنچىدىن ئىككىنچىسىگە ئۆتۈش بەك ئاسان: مۇغەمبەرلىككە يالغانچىلىق قوشۇلسا راۋۇرۇس ئالدامچىلىق بولىدۇ.

ج. لابريويېر

مەغرۇرلۇق ھەرقاچان ھالاكەت مۇقەددىمىسى ئىدى. ئومۇمەن تىنچ - پاراۋانلىق ئۆزىنىڭ ھالاۋەتلىك پەزىلەتلىرىدىن تاشقىرى، قانائەتلىنىش، مەغرۇرلۇق، چىرىكلىك، ھەشەمەتخورلۇق، ساختا شۆھرەت، پارچىلىنىش ئۇرۇقىنى تېرىپ كەلگەن. شەيئى چېكىگە يەتسە ئەكسىگە يانغىنى يانغان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دىن

قورقۇپ تۇرساڭمۇ يەنىلا ئۇمىدلىنىپ تۇرىدىكەنسەن، سىنىڭ

مايىل بولىدىغىنىنىڭ خۇشامەتتىن ئىبارەت بولىدۇ. خۇشامەت— روھىيەت تىلەمچىلىكى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

شۆھرەت شەخسىنىڭ خەلقىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ بېشارىتى. ئىشەنمىسەڭ تۆمۈر لەڭنىڭ ئادەم بېشىدا ياسىغان مۇنارىغا قارا.

ئا. مۇھەممەتئىمىن:«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ئۇلۇغ ئىنسانىيەت پەرزەنتىنى خار قىلىدىغان نەرسە نېمە؟ ئۇ مەغرۇرلۇق.

پايانسىز كەڭ جاھاننى تار قىلىدىغان نەرسە نېمە؟ ئۇ مەغرۇرلۇق.

مۇستەھكەم قورغاننى يىمىرىدىغان، ھەممە سۇيىقەستلەرگە شەرت ھازىرلايدىغان نەرسىمۇ مەغرۇرلۇق.

مەغرۇر شاھ زەپەر ھارپىسىدا دارغا ئېسىلىدۇ. مەغرۇر يىگىت توي بوسۇغىسىدا ئەرۋاھقا ئايلىنىدۇ. مەغرۇرلۇق سۇلتاننى ئۇلتان، ئۆلىما ئىبلىسنى شەيتان قىلغان نەرسە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن:«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن



زوراۋانلىق قۇدرەتلىك قاباھەت.

خۇشامەتگۈيلۇق پايپېتەك ئۇستىدىكى قاباھەت.

ساتقۇنلۇق ئىزىلەڭگۈلۈككە ئاسىيلىق قىلغان قەلبنىڭ ئاشكارىلانغان قاباھىتى.

بۇ ئۈچ خىل قاباھەتنىڭ ھەمسۆھبىتىگە نەپرەت بىلەن نەزەر

سالىمەن.

زوراۋان قاباھەت غەلىبىلىرىدىن كىبىرلەنگەن، خۇشامەتگۇي ھەمدۇسانالار بىلەن ئۇنى يوپۇقدىدى. ساتقۇننىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇنىڭ ئىبرىشكەن ئامەتلىرى مەنۋى ئاپەتنىڭ مۇردىسى ئۈستىدە قىمىر-لاپ يۈرگەن قۇرتنىڭ ھاياتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

تارىخنىڭ كوزىرى ئىزگۈلۈكنىڭ غەلىبىسىنى جاكارلاشتىن ئىبارەت...

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

تەمەننا غۇرۇر بولمىغىنىدەك، غۇرۇرمۇ تەمەننا ئەمەس.

ئۆز ۋۇجۇدىدىن تاشقىرىدىكى شۆھرەت شولىسىدىن تەمەننا قىلغان كىشى شۆھرەت ھېرىسىدا يۈرگەن شۆھرەتسىز شۆھرەت-پەرەسنىڭ نەق ئۆزى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

كىشىلەر مەنسىتمىگەن ھاكاۋۇرلۇق چوققىلىرىنى زاماننىڭ مەسخىرە شاماللىرى سوقىدۇ.

ئۆز غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلغان جاسارەتسىز مىسكىننى ئا-لەمنىڭ رەھىمسىز قۇملىرى غەرق قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ھەسەتچىلىرىڭنىڭ مۇنچىۋالا داۋراڭلىرىدىن ئۇمىدسىزلەنمە، ساڭا ھەۋەس قىلغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە قۇدرىتى ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن. ھەسەت سايىسىنى چۇشۇرۇپ تۇرغان نەرسە ھەۋەس - ھۆرمەتنىڭ شولىسى!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

خۇشامەتچىنىڭ نومۇسسىز ۋاالقىلىغان تىلى، قاتىلنىڭ شەپقەتسىز خۇپپىيانە خەنجىرىدىن زەھەرلىك. خۇشامەت ھاالكەت گىردابىغا دومىلىتىدىغان ئالۋاستى شاملى. نىجادىيەت پەشتىقىغا يول تۇتقىنىڭدا خۇشامەت دەرىخىنىڭ تېگىدە سايىدىما!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

مەغرۇر كىشىلەرگە مەغرۇر، كەمتەر كىشىلەرگە كەمتەرلىك ئەقەللىي تۇرمۇش ساۋاتى. ئۆزىنىڭ مەغرۇرلۇقى تەنتەنىسى ئۇچۇن باشقىلاردىن، بولۇپمۇ ئاجىزلار، مىسكىنلەر ۋە موھتاجلاردىن كەمتەرلىك تەلەپ قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ پەزىلەت توغرىسىدا ئەنزار كۆتۈرۈلگەنلىكىگە تەئەججۇپلىنىمەن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ساختا شۆھرەت ھەقىقىي ئىجتىمائىي شۆھرەت ۋە ھەقىقىي ۋىجدانىي ئىپتىخار بولماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە، جامائەتچىلىكنىمۇ، ئۆز ـ ئۆزىنىمۇ ئالداپ، ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغان «ـكۆلكىلىك ئەينەك» تىكى ساختا كۆرۈنۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇنداق غەپلەت ئۇيقۇسىدىكى چۈشەكەشتەك نادانلىق ھادىسىسىنى ئېچىپ تاشلاش، ئۇنىڭ قارانىيەت، ھەسەت، سۇيىقەست ۋە مىللىي ھاالكەتنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيىدىغان بارلىق ئەسەبىيلىكلىرىنى «مىللەتنىكى پىسخىك كېسەللىك» سۈپىتىدە مىللەت گەۋدىسىدىن يۇلۇۋېلىپ، ئىرغىتىپ تاشلاش الزىم!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ئۆزى ۋە ئۆزگىلەر ھەققىدە خاتا تونۇشقا ئىگە بولۇشقا باشلاغان مەغرۇر قەلب ئىگىلىرى ساختا شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ ھەم «قەھرىمانلىرى»، ھەم ئۇنىڭ «قۇربانلىرى» بولۇشتەك كۈلكىلىك ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولۇشىدۇ. ساختا شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ قانۇنىيىتى «ئىشنى ماختانچاقلىقتىن باشلاپ، شەرمەندىچىلىك بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ئۆزىگە ئارتۇقچە تەمەننا قويۇش—ساختا شۆھرەتنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن،ئادەمدە ئۆز ـ ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى ئەھۋالىغا نىسبەتەن تونۇش ۋە قىياس بولىدۇ. ئۆز قەلبىدە ئۆز ئوبرازى، ئۆز ئىقتىدارى، ئۆز سالمىقى ھەققىدە ئۆزى ماقۇل كەلگەن ھېس بولىدۇ. ئەمما بەزى كىشىلەر ئۆزىنى ئۆزىدىن قالتىس راق، ئۆزگىلەرنى بولسا، ئۆزىدىن كەمتۈكرەك مۆلچەرلەيدۇ. ئۇلار مۇشۇنىڭغا ماسلىشىدىغان «ئۆزىنى كۆپتۈرۈپ ئۆزگىنى چۈكتۈرىدىغان» گەپ ۋە ئادەملەرنى يارىتىدۇ، ئۇنداق ئەمەسلىرىنى «تونۇرۇقسىز»، «گال»، «ئىقلىم» بىر نېمىلەر دەپ ياراتمايدۇ. ئۇلار ئۆزى سىزىۋالغان ئوبراز بويىچە باشقا ئوبراز ئىگىلىرىنىڭ ئۆزىگە سالام بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بولمىسا، رەنجىپ سۆزلەيدۇ. ئۇلار ئۆز ئوبرازلىرىدىن چوڭراق ئوبرازلارنىڭ ئىگىلىپ سالام بېرىشىدىن روھلىنىپ كېتىپ، دەرھال ئۆز ئوبرازىنىمۇ چوڭايتىشقا ئۇرۇنىدۇ. بىر قاتار خىراجەتلەر بىلەن

روھىي ھەيكەل—«ئوبرازلار بۇتخانىسى» ياساپ كۆرىدۇ. ئالتۇن ھەل يالاتقان ئوبراز ياكى ھەيكەل تەسەۋۋۇرى ئۇلار ئۇچۇن قوغلىشىپ يۈرگەن ئىستەك. ئۇلار مەغرۇرلۇقنى خالايدۇ، ئۇلارنىڭ مەغرۇرلۇقى ھەقىقىي ئىپتىخار ئەمەس، ئۆز قەلبىدىكى غۇرۇر ئەمەس، بەلكى، «باشقىلارنىڭ بىلمەي قالماسلىقى» دىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆز مېلىغا، ئۆز ئوبرازىغا ئۆزى داغ چېلىپ ئۆزى ماختاش ئېلانى جا-كارلاشتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ئۇيالماسلىق، نومۇس سەزگۈسىدىن مەھرۇم بولۇش—ساختا شۆھرەتنىڭ باش كۆتۈرگەن شەكلى. ئىنسان ئۈچۈن ئەستايىدىل-لىق، چىنلىق ھەممىدىن قىممەتلىك، بولۇپمۇ ئوبيېكتىپ شەيـ-ئىگىلا ئەمەس، يەنە ئۆز سۇبيېكتىغا بولغان ئەستايىدىللىق، چىن-لىق بىباھا پەزىلەت، ئەستايىدىللىق، چىنلىق ئاساس قىلىنغان ئىپتىخار يوللۇق، ئىجابىي ئىپتىخار بولسا، ئۇنىڭ ئەكسى شەك-لى—ساختا شۆھرەت بولىدۇ. نومۇس—ئۆز - ئۆزىگە چىن مۇئامى-لىدىن تۇغۇلغان ئىقرار ۋە ئىجابىي ئۇياتتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن



نومۇس سەزگۈسىنىڭ بولماسلىقى ۋىجداننىڭ قاتماللىقى، روھىيەت تىنىقىنىڭ ئۈزۈلگىنىدۇر. مىللەتنىڭ ھالى بىلەن كارى بولماسلىق، مىللىي مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرىنى ئېغىزغا ئېلىشنى

ھار كۆرۈش، باشقىلارنىڭ كۈللىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە خۇش پۇرىقىنى ئىنكار قىلىش، كۆز يۇمۇۋېلىش، سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىش ئۇنى قارىلاشقا كاۋاك ماراپ يېتىش، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلاشقا ياپراپ كېتىش قاتارلىقلار بىزدە كۆپ ئۇچراپ تۇرىدىغان مەنىۋى ئىللەت. بۇ ئىللەت ساقلىنىپ تۇرسا، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرمىگەن ۋىجدان خۇنۇك «ۋىجدان» دىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ- رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

نومۇس — ۋىجداننىڭ ئىقرارى ۋە دەۋتىدىن بارلىققا كېلىدى- غان ئەخلاقىي تونۇش. مۇنداق تونۇشنى يوقاتقان كىشىلا، ئەيمەن- مەيدىغان، ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىن قورقمايدىغان بولىدۇ. بۇ نومۇستىن مەھرۇملۇق يەنى نومۇسسىزلىقنىڭ تۇغۇلغانلىقى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ- رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ماختانچاقلىق، لاپخورلۇق — ساختا شۆھرەتنىڭ يىرگىنچلىك پائالىيەت ۋاستىسىدىن ئىبارەت. قەدىمكى گرېك مەسەلچىسى ئېـ- زوپ «شۆھرەتپەرەس ئۆز رەزىللىكىنى ماختانچاقلىق بىلەن ئىپا- دىلەپ بېرىدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. ماختانچاقلىق يەنى ئۆزىنى ئۆزى كىشىلەر ئالدىدا ئۆز تىلى بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا ماختاش ھەم رەزىللىك، ھەم مەسخىرىلىك ئەھۋال. ئۇنىڭ تەسكەي شەكلى باش- قىلارنى ئۆزىگە نىسبەتەن سۇندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ- رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ماختانماق، لاپ ئۇرماق قارانىيەت بىلەن يالغانچىلىقنىڭ ساختا شۆھرەت ۋەسۋەسىسى ئېھتىياجى بىلەن بىرلىشىش شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن. ماختانماق، لاپ ئۇرماق نادانلىق ئاسارىتىدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەردىكى يەنە بىر ئىپچىنىشلىق زىددىيەتلىك پىسخىك كېسەللىك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ئالدامچىلىق - كاززاپلىق—ساختا شۆھرەتنىڭ ئەجەللىك يېرى. «ساختا شۆھرەت» ئىككى زىت ئىباربدىن — «ساختىلىق» بىلەن «شۆھرەت» تىن تۈزۈلگەنلىكىدىنلا، ئۇنىڭ بىر - بىرىنى كاززاپلىق بىلەن ئالداپ تۇرغان قۇرۇلمىسى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بىر تەرەپتىن «شۆھرەت» لازىم، ئەمما ئۇ يوق. يەنە بىر تەرەپتىن پۇچەكلىك مەۋجۇت، ئەمما ئۇ كىشىلەرنىڭ بىزارلىقىنى قوزغايدۇ. قانداق قىلىش لازىم؟ پۇچەكلىكنى شۆھرەتلىك تۇسكە كىرگۈزۈپ، ئۆز كۆڭلىنى بەزلەپ، باشقىلارنىڭ نەزىرىنى ئالداش كېرەك. مانا بۇ «ساختا شۆھرەت» سېھىرگەرلىكىنىڭ قۇرۇلما مەقسىتى، تەركىبى ۋە تۈزۈلمە شەكلى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن



خۇشامەتچىلىك بىلەن تەھدىت سېلىش ساختا شۆھرەت كاززاپلىقىدىكى قوشكېزەك ئىككى ھىيلە. خۇشامەت روھىي قۇللۇق بولسا، تەھدىت روھىي قاراقچىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر ئىككىسى

ئورۇن ئالماشتۇرالايدىغان ھېيلىگەرلىك، ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت. روشەنكى، ئالدامچىلىق ساختىلىقنىڭ ماھىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۇ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

شەرمەندە بولماق—ساختا شۆھرەتنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر - ئاقىۋىتى ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق. ساختىلىق پاش بولۇشقا، ئاشكارىلىنىشقا مەھكۇم بولغان نىقاب! ئۇ بەرىبىر يىرتىلىپ، پۈچەكلىكىنى يالىڭاچلاپ، ئاچچىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. مەڭگۈ بۇزۇلمايدىغان ساختا نىقاب بولۇنمۇ بولمىغان، كەلگۈسىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۇ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

شەرمەندىلىكتىنمۇ ئۇيالماسلىق، ئۇچىغا چىققان كاززاپ ۋە ساختا شۆھرەتچىنىڭ تېخىمۇ زور شەرمەندىلىك يولىغا ماڭغان تەرسا قەلبىنى كۆرسەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ شەرمەندىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۇ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن



ساختا شۆھرەت تىرىكلىكتە جامائەتچىلىك ئارىسىدا، ئۆلگەندە ئەرۋاھلار قاتارىدا ھەمىشە قارىلىنىدىغان روھىي ئىللەت. شان - شەرەپ تەنتەنىلىرىدە مۇنداق پەسكەش روھىيەت باش كۆتۈرىدىغان بوشلۇق، ئاياغ باسىدىغان ئورۇن يوق! ئۇنىڭ تازىلىنىشى—

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مىللەتنى لايغەزەللىك، مەنمەنلىك، تەييارتاپلىق، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق، قورقۇنچاقلىق، پەسكەشلىك، سۈيىقەستلىك، ساتقىنلىق ئىللەتلىرىنىڭ چىرىتىشىدىن ساقلاپ، قەيسەر، پىداكار، غۇرۇرلۇق بولۇشتەك روھىي كامالەتكە ئېرىشتۈرۈشتە شۈبھە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ھەقىقىي ئىجتىمائىي پاراۋانلىق شۆھرەتكە موھتاج ئەمەس، غېرىب ـ غۇرۋالىق بولسا مۇنداق شۆھرەتكە نەپرەتلىنىدۇ. شۆھرەت — پۇلنىڭ ئىلكىدىكى نەرسە ئەمەس. تاپقان پۇلنى كۆيلەپ، يوقاتقان پۇلغا زارلاپ نەزم پۈتۈش ھاماقەتلىك، چۈنكى، ئۇ شۆھرەتلىك تېمىغا سىغمايدۇ. ئەكسى ھالدا بۇ شۆھرەتنى يوقىتىش! بۇ ئۆزلىرىنىڭ چاكىنىلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئىجتىمائىي ئادەت ـ قائىدىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. تارىخ، قامۇس ۋە تەزكىرىلەر مۇنداق «قەھرىمان» لارغا ئەزەلدىن شۆھرەت سەھىپىسىدىن ئورۇن قالدۇرمىغان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن



تەمەخورلۇق — ئاجىز، رەزگى قىياپەتتىكى روھىي دىۋانىلىك. قاباھەتلىك ئارزۇ بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەنلىك ئارىسىدىكى بوشلۇقتا «تۇخۇم» تۇغۇپ تۇرغان پەسكەش ئىللەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

تەمەخورلۇق بىر خىل ئاچ كۆزلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقەددى-مىسىمۇ، خاتىمىسىمۇ قۇپقۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت. تەمەخورلۇق قا-نائەتنى بىلمەيدىغان ئەبەدىي روھىي گادايلىقتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئەللەت» تىن

خۇشامەتچىلىك—ئاجىز، رەزگى قىياپەتتىكى روھىي تىلەم-چىلىكنىڭ ھېلىگەر، قول ـ دېدەك شەكلىدىكى ئىپادىسى. خۇ-شامەتچىنىڭ نىيىتى تەمە، پىكىر ـ خىيالى زوراۋانلىق. ئۇ ئالدىدا ماختاپ، ئارقىدا نامىدىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرىدۇ. ئۇ ساداقەت ۋە ساخاۋەت بىلەن نىقابلىنىۋالغان، نىقابى ئېچىلمىغان ساتقىنلىق ياكى خىيانەتكارلىقتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئەللەت» تىن

خۇشامەت ـ قۇلچىلىقنى بەجا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىنى ئۆزى دەپسەندە قىلىدىغان روھىي ئەللەت. ئۇ ئۆز مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، بىردىن يەل كىر-گەن شاردەك كۆپلۈك زوراۋانلىققا—باشقىلارنىڭ ئىنسانىي غۇرۇ-رىنى دەپسەندە قىلىشقا يۈزلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئەللەت» تىن

ئىككى يۈزلىمىلىك—ئاجىز تىپتىكى روھىي ئەللەتلەر جۈملىسىدىكى ھەم ئالدامچى، ھەم ساتقىن خاراكتېردىكى نامەرد-لىك، جانباقتىلىق بولۇپ، بىلىشنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ،

بىرلىك ـ ھەمدەملىككە دەز كەتكۈزىدۇ. ئۇ بىشەم شەكىلدە مۇنا-پىقلىق، سىياسىي شەكىلدە خائىنلىققا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئىككى يۈزلىمىلىك ئائىلىدە يۈز بەرسە ئائىلىنى، خىزمەتتە يۈز بەرسە يۇقىرى ـ تۆۋەننى، مىللەتتە يۈز بەرسە زىيالىيلار ۋە خەلق ئارىسىدىكى ھەمدەملىكنى بۇزىدۇ. ئىككى يۈزلىمىلىك بىر خىل مۇغەمبەرلىك، ئالدامچىلىق بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي ئىنسانلىققا مۇ-خالىپ مۇناپىقلىقتۇر. ئىشەنچ ـ ئىناۋەتنىڭ ئەڭ ياۋۇز دۈشمىنى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

چېقىمچىلىق—تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە چىنلىق ۋە ئادىللىقتىن چەتلىگەن ھالدا سۆزنى بۇرمىلاپ باشقىلارنىڭ غەزەپ يالقۇنىنى قوزغاشقا قارىتىلغان پىسخىك كېسەللىك. ئۇ زىيان-كەشلىكنىڭ تەركىبىي قىسمى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

ساتقىنلىق—ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ۋىجدانىنى يو-قىتىشتۇر، ئاندىن كېيىن دوستلىرىغا ئاسىيلىق قىلىشتۇر. قىسقىسى، ئىلگىرى ئۆزى نەپ ئالغان دوستلىرىغا، تەلىم ئالغان ئۇستاز ۋە تەربىيەچىلىرىگە بىۋاپالىق قىلىش ئەخلاق نۇقتىسىدىن ساتقىنلىق ھېسابلىنىدۇ. بىلىش كېرەككى، بىۋاپالىق—قېرىن-داشلارنى، ئۇستاز ـ شاگىرتلارنى، دوست ـ ئاغىنىلەرنى داغدا قال-دۇرىدىغان دەھشەتلىك مەنىۋى ئىللەت. نامەردلىك، مەرھەمەتسىز-لىك، ئىچى قوتۇرلۇق، پىتنە ـ پاساتقا سۈكۈت قىلىش، ناھەقلىققە قارشى چىقالماسلىق—ساتقىن روھىيەتنىڭ بىر ئىپادىسى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

تەمەخورلۇق، خۇشامەتچىلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك، چېقىم-چىلىق، ساتقىنلىقلار سەلبىي ئىللەتلەر ئارىسىدىكى ئاجىز تىپ بولۇپ، خۇددى «ئورۇق ئەرۋاھ» قا ئوخشايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

شۆھرەتپەرەسلىك بىر خىل ھاماقەتلىكتۇر. پەسكەش ۋە ھا-ماقەت كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان پەرىزات—شۆھرەتپەرەسلىك. بىرىنچىدىن، سەممىيەتنى يەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، شۆھرەتپەرەس تەمكىنلىكتىن ئايرىلىپ مەمەدان بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، كۆلپەت كەلتۈرىدۇ. چوڭ تەلەپ ۋە ئۆزگە تەمەننا قويۇپ يۈرگەن شۆھرەت-پەرەس ئاخىرىدا داغدا قالىدۇ. دەرۋەقە، ئۆزگە مۇنار تىكلەش كويىدا بولۇش ئەخمەقلىقنىڭ بىر تۈرى، ئەلۋەتتە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

ئېيتىخار تۇيغۇسى بولمىغان قەلبتە نومۇس ئېڭى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى، نومۇس ئېڭى ھەقىقىي ئىنسانىي ئېيتىخارنىڭ بىرىنچى ئىستىھكامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولدا قايتا ئويلىنىش» تىن

ئار - نومۇس ۋە رىقابەت جاسارىتىدىكى يالقۇن قوزغاتمىغان مېڭىنىڭ قوزغىتىدىغىنى تەنتەكىنىڭ تەمەناسى بىلەن قورققاق-نىڭ شۈركۈنۈپ تىترىشىدىن باشقا يەنە نېمە بولسۇن؟!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولدا قايتا ئويلىنىش» تىن

ھەشەمەتچىلىك ئومۇمەن نامرات جەمئىيەتنىڭ ساختا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

دەبدەبىسى سۈپىتىدە نامايانده بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ھەشەمەتچىلىك بىلەن مېھماندوستلۇق پەرقلىنىدۇ. قىزغىن مېھماندوستلۇق مىللىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى پەزىلەت، ئاقىلانە مە-دەنىيلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش - مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ھەشەمەتچىلىك تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىش ئەمەس. ئۇ تۇر-مۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە، مىللەتنىڭ ھەممە ھۈجەيرىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاڭ قۇرۇلمىسىدىكى بىر خىل مەرەز — ئىللەت! ئۇ ئىنسان قىممىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان، مىللەت قىممىتىنى پۈچەكلەشتۈرىدىغان پىسخىك كېسەللىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن



مۇلايىملىق ۋە يۇمشاقلىق خەلققە مادار بەرمەكلىك ئۇچۇندۇر، ھەر ئىشقا مۇلايىملىق يار بولسا، ئۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىگە ئېرى-شىشنىڭ ئېھتىمالى زور بولىدۇ، قوپاللىق، ئاچچىقلىنىش ھەمراھ بولسا، ۋەيران بولىدۇ.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر

كىمكى نام ـ شۆھرەتكە بېرىلسە، غەمدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۇ ـ زۇڭنى غەمدىن خالاس قىلاي دېسەڭ، نام ـ شۆھرەتنى تەرك ئەتكىن.

ئايازبېك قۇشچى

تەكەببۇرلانماق ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن ئادەم، تەكەببۇرلۇق ھەممە تىلدا ئەيىبلىنىدىغان قىلىق، ئەڭ ياخشى ئادەت كىچىك پېئىللىقتۇر.

ئەھمەد يۈكنەكى

ئاجىزلىق پەقىرلىق يولىغا كىرىپ، فەتا رەسىم ـ يوسۇنلىرىنى تۇتساڭ، چوڭ دېڭىزنى سەير قىلمايمۇ مۇراد ـ مەقسىتىڭگە ئېرىشەلەيسەن.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

تەۋەززۇ قىلساڭ، مەرتىۋەڭ ئۈستۈن بولىدۇ، تەكەببۇر بولساڭ، ئاخىرى شەرمەندە بولماي قالمايسەن.

تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى

بەزىلەر بەكمۇ كۆلكىلىك كېلىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ناھايىتى بىلىملىك ئىكەنلىكىنى ۋە بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايمۇ بولمايدۇ. ئەمما ئۇنداق ئادەملەر ئۇچرىغانلا ئادەمگە ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ سۆزلەيدۇ ھەتتا ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ نەتىجىسىنى ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ

سۆزلەشكە ئامراق كېلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئاخىرىدا باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ.

لورد چېستېرفېلد (ئەنگلىيە): «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

شۆھرەتپەرەسلىكنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان نەرسە پەقەتلا ساختا ماختاش بىلەن مەدھىيە ئوقۇشتۇر؛ بىراق، بۇلارنىڭ سىزگە ئېلىپ كېلىدىغىنى بالايىئاپەت ۋە بەختسىزلىكتۇر.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسىلىلەر» دىن

بىلمىگەننى بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا تايىنىپ ئۆزىمگە ئىناۋەت تىكلەيمەن دەپ ئويلاش ئاقىۋەتتە دائىم دېگۈدەك ئىناۋەتنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسىلىلەر» دىن

پوچىلىق بىلەن ئۆزىنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ، بىراق بۇنىڭ بىلەن ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ.

كۆپ ھاللاردا ئادەملەر پوچىلىق بىلەن ئىش قىلىدۇ. نەتىجىدە كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنىنى ئىسراپ قىلىپ مەغلۇپ بولىدۇ.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسىلىلەر» دىن



بېشىدىن ئىش ئۆتكەنلەرنىڭ ئۆزىنى ھېچ نەرسىدىن قورقماس دەپ ئاتىشى تولىمۇ كۈلكىلىك، بىمەنىلىك، يارىماس ئىللەت. شۇنداق ئىكەن، ئۆزىنى ھېچ نەرسىدىن قورقمايمەن دەۋالغۇچى ئەسەبىيلەرمۇ بىمەنىدۇر. دۇنيادا بىر ئەسەبىي پوچىنىڭ مېزى

سۆزلۈپ قىلىشتەك كۈلكىلىك ئىش يوق! چۈنكى بۇنداق كىشىلەر سۆز ۋە ئىش قىلغاندا ھەرقانچە ئىشەنچ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئازراق ئىمكانىيەت قالدۇرۇشنى ئۇقمايدۇ. بۇنداق ئەسەبىيلەرنىڭ ئىش بېجىرىشى خۇددى دامكا ئويۇنىنىڭ قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار كىمنىڭ يەڭگەنلىكى، كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكى ئېنىقلانغانغا قارىماستىن، ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىمكان بولمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بىز ھەر ۋاقىت پەخەس بولۇشىمىز كېرەك، جاسارەت ھامان قارىغۇلارچە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ يوشۇرۇن خەتەر ۋە قىيىنچىلىقنى كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا جاسارەت پىكىر يۈرگۈزۈشكە زىيانلىق، ئەمەلىي ئىشلەشكە پايدىلىقتۇر. پىكىر يۈرگۈزگەندە خەتەرنى ئالدىن كۆرۈش كېرەك، لېكىن ئەمەلىي ئىشلەشتە، ھالاكەت ئېلىپ كېلىدىغانلا بولمىسا، خەتەردىن قورقماسلىق كېرەك. شۇڭا جاسارىتى بار، پاراستى يوقلار پەقەت ياردەمچىلىككە يارايدۇ، باشلىق بولۇشقا يارىمايدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ئىنسانىيەتنىڭ بىر زالىم پادىشاھى بار، ئۇ بولسىمۇ نادانلىق.

ھيۇگو

ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىشى تاشلىماس نادانلىقى بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك توسالغۇسىدۇر.

گوركىي

ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى چەكلەپ تۇرىدىغان نەرسە

بۇ دۇنيادىكى نادانلىق.

ئولىۋېر خولمېس

نادانلىق—يورۇقلۇق ۋە ھەقىقەتكە يېتىشتىكى توسالغۇ.

لى داجاۋ

ئەگەر يامانلىقنىڭ سورىقى يەنە بىر دۇنيادا بولىدۇ دېسەك، ئۇنداقتا نادانلىقنىڭ سورىقى مۇشۇ دۇنيادا بولۇشى كېرەك.

شوپېنگائۇئېر

نەتىجە ئىچىگە يوشۇرۇنغان نادانلىق مەقسەت ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئالا نىيەتلىكتىنمۇ پاجىئەلىك، بولىدۇ.

خالىفاكس

ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە نادانلىق ئەقىل - پاراسەتتىن كۆپ بولىدۇ.

باكون

ئەگەر ئىنسانلارنىڭ روھى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلسە، ئۇ چوقۇم نادانلىق پاتقىقىغا پاتىدۇ.



دېلاكروئىس

ئەگەر بىر ئادەمدە ئازراقمۇ نادانلىق بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭدا نۇرغۇن ناچار نەرسىلەر بار بولغان بولىدۇ.

لامب

ھەر قانچە ئالىيجاناب روھتىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر نادانلىق بولىدۇ.

ئارىستوتېل

ئۆگىنىشتىن نەتىجە چىقىرالمىغان ئادەم ئۆگەنمىگەنلەردىن-مۇ نادان بولىدۇ.

فرانكلىن

قەدىمدىن ھازىرغىچە رەزىللىكنىڭ مەنبەسى نادانلىق بولۇپ كەلگەن.

ھومېر

نادانلىقنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلاشتۇر.

جون درايدېن

ياپسام پېشارمۇ، كۆمسەم پېشارمۇ دەپ يۈرۈش ئەخمەقنىڭ ئىشى.

ت. فۇللېر

ئالدىراقسانلىق نادانلارنىڭ ئاجىزلىقى.

گراسئان

سۈكۈت—ئەخمەقلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى.

لابرىيويېر

قاشاڭ ئاتنىڭ يۈگۈرۈشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىنىدەك، نادانىنىڭ بىردىنلا ئەقىللىق بولۇپ كېتىشى ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدۇ.

چامفورد

بەخت يولىدا ئەخمەق بولۇۋېلىش بەختسىزلىك يولىدا ئەخمەق بولۇۋالغاندىن ئەلا، كۆرۈمسىز ئۇسسۇل قوپال يول ماڭغاندىن ئەلا.

نېتزى

نادانلار ئۆزۈن ياشاشنى خالايدۇ، لېكىن تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىلىنەلمەيدۇ.

دېموكرىت

نادانىنىڭ ئۆزىنى جازالاشتىكى بىردىنبىر يولى تەركىدۇنيالىقتا ياشاش.

سانتايانا

نادانىنى دوست تۇتساڭ، بېشىڭغا كۈلپەت ياغار.

خالىفاكس

بىر ئادەمنىڭ نادانلىقى يەنە بىر ئادەمگە مەغرۇرلۇق ئېلىپ كېلىدۇ.

باكون

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

مۇكەممەل ئەقىل ئىگىسى بولمەن دېيىش ئۆتۈپ كەتكەن نادانلىق.

لاروشفېك

ئەقىللىق ئادەم تىرىشچان كېلىدۇ. نادان ئادەم باشقىلارغا يۆلىنىۋالىدۇ.

چېخوف

ئەقىل ئىگىلىرى ئىچىدە، ئەڭ ئەقىللىقلىرى ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنى ئەڭ ئاز دەپ بىلىدۇ؛ نادانلار ئىچىدە، ئەڭ نادانلىرى ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنى ئەڭ كۆپ دەپ بىلىدۇ.

گېۋارا

نادانلار نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرى ئەقىل جاۋاب بېرىپ بولغان سوئاللارنىلا سوراپ يۈرىدۇ.

گيوتى

نادانلار بەختنى يىراقتىن ئىزدەيدۇ، ئەقىللىقلار بەختنى ئۆز ئايىغى ئاستىدا پەرۋىش قىلىدۇ.

ئوپپېنخېيمېر

نادانلىق كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنى بەخت قوينىدىن ئازاب دېڭىزىغا تاشلايدۇ؛ دانالار كۆپ ھاللاردا ئۆز ئەقىل ـ پاراستى بىلەن قىيىن ئۆتكەللەردىن ئامان ئۆتۈپ، داغدام يولغا چىقىدۇ.

بوككاچچىئو

نادانلارنىڭ كەينىدىن خېيىمخەتەر ئەگىشىپلا يۈرىدۇ، ئەقىل ئىگىلىرى بولسا ھەر خىل خىرىسلارنى توسۇپ قالالايدۇ.
سىنېكا

ناداننىڭ ئەقىللىقى بولغۇچە، ئەقىللىقنىڭ نادىنى بول.
شېكىسپىر

ئەقىللىقنىڭ نادانغا يۆلىنىۋېلىشى ناداننىڭ ئەقىللىققە يۆلىنىۋېلىشىدىن ياخشى.
كوللىنس

ئەقىللىقلەر نادانلارنىڭ پىكىرلىرىنى ياراتمايدۇ، لېكىن يەنىلا ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ، بۇ ئۆز - ئۆزىگە بولغان خۇشامەتچىلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر خىل زىددىيەت.
خالىفاكس

نادانلارنىڭ ئەخمەقلىقى كۆپ ھاللاردا ئەقىل ئىگىلىرىگە بىدىلەي بولىدۇ.
شېكىسپىر



نادانغا جەننەت بىلىنگىنى ئاقىلغا دوزاخ بىلىنىدۇ.
ت. فۇللېر

ئالىم زالىمنىڭ قىلىچىنى سۇندۇرالايدۇ.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

www.uyghurkitap.com

ئالىم بىلگىنىنى ئېيتار،
ئەخمەق يېگىنىنى (ئېيتار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئادەمنىڭ ساددىسىدىن ئېشەكنىڭ مادىسى ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئات ئېشەكنىڭ خۇيىنى ئالار،
ئېشەك ئاتنىڭ خۇيىنى ئالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاللا قولى ئۆزىنى ماختار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالىم بولساڭ، ئالەمنى بىلەرسەن،
زالىم بولساڭ، زارلىنىپ ئۆلەرسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاقىل ئۆز ئىشىغا تايىنار،
ئەخمەق خىيالىغا (تايىنار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاقىلغا ئىشارەت،
نادانغا جۇۋالدۇرۇز.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

(ئاقىلغا ئىشارەت،
نادانغا كالتەك).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالىمدىن ئات قالۇر،

نادانىدىن داد (قالۇر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاقىل ئۆزىدىن كۆرەر،
نادان كىشىدىن (كۆرەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاسمان ئۆرۈلسە، تېگىدە مانتا يەپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالتۇنغا دەسسەپ تۇخۇم ئوغرىلاپتۇ،
ئېگەرنى دەسسەپ توقۇم (ئوغرىلاپتۇ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاقىلغا بىر سۆز كۇپايە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاتالماسىنىڭ ئوقى ئالتە غۇلاچ كېلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئادەمنىڭ جېنى چىقسا،
گالۋاڭنىڭ كۇلكىسى قىستار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاختامىلىقتىن چالما تاپالماپتۇ،
غىلاڭ سايدىن تاش (تاپالماپتۇ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالتۇن يەردىن چىقار،
ھېكمەت ئەلدىن (چىقار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاقىللاردىن ھۆرمەت يانار،
نادانلاردىن كۆلپەت (يانار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالىمسىز ئالەم تەتۈر چۆرگىلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالىمنىڭ خېتى ئۆلمەس،
باتۇرنىڭ ئېتى (ئۆلمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئايغا ئېتىلغان ئارسلان ئايىغىنى سۇندۇرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاتالمىغان ئەر ئېتىدىن كۆرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالتۇننى كۆرسە پەرىشتىمۇ يولدىن ئازار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالتۇن ياتىدۇ سايدا،
تونۇمىسا نېمە پايدا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاقىلنى ئاقىل بىلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاقىل—يۇرتنىڭ ئاغىسى،
ئۇستا—يۇرتنىڭ چاكىرى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاقىل ئويلىماي ئىش قىلماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاقىلنىڭ سۆزى ئۆمرى ئۆتكۈچە،
نادانىنىڭ سۆزى ئىشىكتىن چىققۇچە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاقىل هاراق ئىچسە، بولۇر قارا،
نادان هاراق ئىچسە، بولۇر بالا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاتىنىڭ ئىلمى بىلەن بىلگە بولغىلى بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاشقان ـ تاشقان بارات تازىنىڭ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاقىل ياققان چىراغنى ئەخمەق ئۆچۈرەلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەخمەق ئۆتۈكنى ياغلار،
ئۆتۈكى كۆتىنى (ياغلار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەخمەق لاتىسىنى ماختار،
ئەقىللىق ئاتىسىنى (ماختار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



ئەخمەققە توقماق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەر يىڭىلىپ قولغا چۈشەر،
قۇش يىڭىلىپ تورغا (چۈشەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

www.uyghurkitap.com

ئەخمەق ئاغرىغاننى بىلمەس،
كوسا قېرىغاننى (بىلمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەقىللىققا گەپ قىلساڭ ئاڭلىدى، بىلدى،
ئەقىلسىزگە گەپ قىلساڭ ئاڭلىدى، كۈلدى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەقىللىق ئادەم پايدىسىز گەپ قىلماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەخمەقنى ئىشلىتىپ ئەقىل تاپ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەقىللىقنىڭ قولى نەپسىڭنىڭ تىزگىنىنى تۇتىدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەقىللىق ئۆزىنى ئەيىبلەر،
نادان دوستىنى (ئەيىبلەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

باي بولاي دېسەڭ ئاجىزنى بوۋلا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېشى قىچىشسا، تاپىنىنى تاتىلايتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېلىق تورغا ئۆز ئەركى بىلەن چۈشەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىر تۈلكە يەتتە بۆرىنى يېتەكلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىرنى ئۈچ كۆردۈم،
ئۇخلىماي چۈش (كۆردۈم).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىئەقلىگە مەنسەپ بەرسە ئېشەكنى قوشقا قېتىپ،
بۇقىنى ئۇسسۇلغا سالار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىلىملىك ئادەم ئويلاپ تاپار،
بىلىمسىز ئادەم كوچىلاپ (تاپار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىلىمسىز سۆزلەر،
بىلىملىك ئىشلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىلىملىك كىشى ئوقلانغان مىلتىق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىرى بار ئونغا بەرگۈسىز،
ئونى بار بىرگە ئالغۇسىز.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۆرە ھۇۋلاپ ئۆزىنى ئاشكارىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



بۆك ئال دېسە، باش كېسىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۇقىدىن سۈت چىقماس،
ئەخمەقتىن ئۇگۇت (چىقماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۆركۆت ئۇۋىسى ئەتراپىدا ئوۋ قىلماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۇرنىغا سۇ كىرمەپتۇ،
بېشىغا ئەقىل (كىرمەپتۇ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بوياقچىنى بوياقچى دەپ قويسا، ساقىلىنى بوياپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پاراسەتسىز پالاكەتكە يولۇقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پالۋان ئىتنى گالۋاڭ ئىت تالار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پاكار ئەخمەق ئۆزىنى بالا دەر،
ئېگىز ئەخمەق ئۆزىنى ئاكا (دەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پەتىسى يوق چېلىشقاقنىڭ دۈمبىسى يەرگە تېگەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پەمى بار قەنت يەر،
پەمى يوق غەم (يەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پىلەككە ئالدانساڭ، خەمەكسىز قالىسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پىشۇرۇپ بېرەي دېسە، خام يەپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تازنى «بېگىمماقال ـ تەمسىللىرى» دىن دېگەن نادان، پاخ-
شەكنى «خېنىمماقال ـ تەمسىللىرى» دىن دەيدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تاغدىكى كېيىككە پۇت كۆتۈرۈپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تادان غېمىنى ئۆزى قىلار،
نادانىڭ غېمىنى خۇدايىم (قىلار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تادان ئوچاقتا قارار،
نادان قازانغا (قارار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تادان قىرىپ يەر،
نادان تېپىپ (يەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تاي باشلىغان يىلقا جۇدىمەي قالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تىرىك بولۇپ ساندا يوق،
ئۆلۈك بولۇپ گۆردە (يوق).



«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تىرىكتىن ئۆلۈك چىقار،
ئۆلۈكتىن تىرىك (چىقار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تىرىك نادان—ئۆلۈك،

ئۆلۈك ئالىم—تىرىك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۆگە مىنىپ توشقان تۇتۇپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۇرۇككە بىر توقماق،
موللامغا ئون (توقماق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تويدىن كېيىن ناغرا چېلىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

توخۇ توڭلىغانسېرى دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۆگە مىنىپ تۆگە ئىزدەپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۇگمىنى كۆرۈپ تۆگىنى كۆرمەيدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

توخۇنى كۆلچەككە ھەيدەپتۇ،
ئۆردەكنى قونداققا (ھەيدەپتۇ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

توغراق ئوتۇننى ياراتماي،
چاۋار تەرگەن باراتباي.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۆگە قېرىغىنىنى بىلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۇرغان تامغا ئۇسۇپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۇغۇلمىغان موزايغا قوزۇق قېقىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۇغۇلمىغان تايىنى يېغىر قىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۇنۇگۇن دەرەخ تىكىپ، بۈگۈن سايىداپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

توخۇنى ئۆلتۈرمىگۈچە، يولۋاسنى قورقۇتقىلى بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تەلۋىنىڭ تۆرەم بىلەن نېمە ئىشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تەخەي ئۇستىگە توقۇم چىقمىغۇچە، ئۆزىنى تۇلپار ھېسابلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

جاھىللىق—جان ئازابى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

جىمىغۇر ئادەم تەدبىرلىك بولۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

جىم تۇرسا بوش دەيسەن،
يېقىن تۇرسا پوش (دەيسەن).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چاشقان تۆشۈككە پاتمىسا،
قۇيرۇقىغا غەلۋىر باغلاپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغقى ئادرېسى

چىشى يوق كۆپ چاينار،
ئەقلى يوق كۆپ قاينار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چالما دەپ تاشلىۋەتكەننى ئالما دەپ ئالغۇچى چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چەرچەندە ئېشەك ئۆلتۈرۈپتۇ دېسە،
ئۆپكىسىنى مەن قويغان دەپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چىقمىغان ساقالنى يۇلۇپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چوڭ بولۇپ ئېشەك بېشى تۇتمىغان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چۈمۈلىگە قانات چىققىنى—ئۆلۈمى يېقىنلاشقىنى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

خورجۇننىڭ ئالدىنى كۆرۈپ كەينىنى كۆرمەپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دانا يىراقنى كۆزلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دانا كىشى پىكىر قىلار،
نادان كىشى زىكىر (قىلار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دانا قەدرىنى نادان بىلمەس،
ئاغرىق قەدرىنى ساق (بىلمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دانا ئۆزىنى ئەيىبلەر،
نادان ئۆزگىنى (ئەيىبلەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

دوزاخقا ئۆگەنگەن كىشى جەننەتكە كۆنەلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

دىمىغى ئۇستۇن دالدىدا ئۆلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

دىتى يوق نۆكەردىن تادان ئايال ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

زېرەكنىڭ گېپى بىر، تەدبىرى مىڭ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ساراڭنى باخشى ئوڭلار،
نادانىنى ياخشى (ئوڭلار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ساراڭغا شوتا بەرسەڭ ئاسمانغا چىقىمەن دەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ساختىپەز نادانىنى تاپار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن



سەن كۆل دېگەننى باشقىلار گۆل دەپ ئالار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

سۆنى كۆرمەي ئۆتۈك ساپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

غاپىلنىڭ ھاياتى ئۇيقۇ بىلەن خىيال.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرىسى

غالجىر خۇدانى بىلمەس،
ئىت ھارامنى (بىلمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

غۇنان گىلىغىچە سۇ كېچىپ ئۆتۈپتۇ،
ئاختامىدا يەرنى كولاپ سۇ ئىچىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قاغا قارلىغاچنىڭ قارلىقىدىن كۈلەرمىش.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قاپاقنى تۆرگە چىقارساڭ، ئەۋرەزگە يۇمىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قايماققا ئامراق، كالىغا ئۆچ،
خوتۇنغا ئامراق، بالىغا ئۆچ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قايماق ئىچكەن مۈشۈكنىڭ يۈزى تۆۋەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قاغىنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ، كەكلىكنىڭ چاترىقى يېرىلىپ كېتىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قاشاڭ ئۆردەك بۇرۇن ئۇچار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قارا ئۆينى ئۇرۇپ، ئالائۆينى چۆچۈتۈپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قولدىن ئىش كەلمىگەن ئامبالغا قالپاق تىكەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قۇشنى يەم بىلەن ئۆگەت،
ئادەمنى پەم بىلەن (ئۆگەت ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قۇلىقىنى كېسىپ قوڭىنى ياماپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قىلمايدىغان گېپى يوق،
چالمايدىغان دېپى يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قىرچىنتالنىڭ ئېگىلگىنى ـ سۇنغىنى،
نادانىنىڭ ئۇيالغىنى ئۆلگىنى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كامىلنى كامىڭ بىلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كالا هارۋىسىدا توشقان تۇتۇپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كوچىدىن دەككە يېگەن ئەخمەق، ئۆچىنى خوتۇنىدىن ئالار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كوچىدا يىتكەن ئېشەكنى قازناقتىكى مەستۇرىدىن سوراپتۇ.



«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆتۈرۈشنى بىلسە تاغمۇ يېنىك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپ ئويلانساڭ توغرا يول تېپىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۇن كۆرمىگەن كۇن كۆرسە كۇندۇزى چىراغ ياقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشىنى بىلگەن ئاقىل،
ئۆزىنى بىلگەن دانا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەن دەپ، ساقىلىنى كۆيدۈرۈپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

گەپ قىلساڭ ۋاقلايسەن دەيدۇ،
ئىش قىلساڭ پالاقلايسەن دەيدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ماختانچاق بىلىمسىزنى دوست تۇتار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ماختانچاق ئىش بۇزار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ماختانچاق بىكارچىغا ئويۇنچۇق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مالسىزلىقتىن ئاڭسىزلىق يامان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ماڭالماس ئېتىدىن كۆرەر،
يازالماس خېتىدىن (كۆرەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

موللىۋاي تىككەن توقۇمنىڭ ئالدى ـ كەينىنىڭ پەرقى يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

موزاي ئانىسىنى تونۇماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

موللا كىشى ئالىم بولۇر،
پادىشاھ زالىم (بولۇر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مۇزغا داراڭگا ئاتقاندەك،
ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نادان ھودۇقسا ئەقلى دۇمبىسىگە چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نادانلىق—قاراڭغۇلۇقتىن يامان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نادانىنىڭ بەختى بىردەملىك،
خاپىلىقى داۋاملىق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نادانىنىڭ ئوبدىنى كالا،
ئەسكىسى توڭگۇز.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نادان سۆيگەننى بىلمەس،
ئەخمەق كۆيگەننى (بىلمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نادانلىق نامراتلىقنى چىللار،
ھۇرۇنلۇق مۇشەققەتنى (چىللار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نادان بىلەن قەدرىگە يەتمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نادانىنىڭ ئەيىبىنى ئاقىل تۈزەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نادانغا ئېيتقان ئىسسىت سۆزۈم،
ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسسىت كۆزۈم.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نادان يۇرتتا موللا تولا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نادان بىلەن تەڭ بولساڭ ئېتەك ـ چۆرەڭ پوق بولۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نادانىنى تۆرگە تەكلىپ قىلساڭ، چورۇق بىلەن چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نوغۇچ بىلەن ئوت پۈۋلىسە يەل ماڭماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھاڭۋاقتى ئاغزىدىكىنى ئالدۇرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھارغان ئات دۆڭگە چاپار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھاماقەتنى ھاي دېمەڭلار، ھارغاندا توختايدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھاماقەتنىڭ بۇرنى ساختىپەزنىڭ قارمىقىدا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھۆكۈم سۈرسە نادانلىق،
داناغا يوق ئامانلىق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئوتنى يەرگە تاشلىماي، ئۇينى ئۆگزىگە تارتىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئورۇقنى بىلمىگەن ئۇي تەلۋە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆتۈكنىڭ تېشىدىن قاشلاپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆچكە تۇغالمايۋېتىپ قويغا ئانا بوپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆچكىگە چىگىت بېرىپ قۇيرۇقنى تۇتۇپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆزىنىڭ سايىسىگە ئۆزى مۇشت ئېتىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆزىنى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق،
خوتۇننى ماختىغان ئىككىنچى (ئەخمەق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆزىنى بىلمىگەن ئۆزگىنى بىلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆزىنى سورىغان يۇرت سورار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆزىدىن كۈلگەن خەقتىن كۈلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى بىلگەن ئەخمەق ئەمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆزىدىن كۈلگەن ئەخمەق ئەمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولۇر،
تۇرۇك موللىنى كۆرسە جىم بولۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئېشەكنى ئۇرۇپ، خوتۇننى چۆچۈتۈپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئېشەكنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇننى قورقۇتۇپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئېلىپنى چوماق دەيدۇ،
نۆلنى تۇماق (دەيدۇ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئېگىز ئوقۇرغا بويى يەتمەي، ئېگىمكى يېغىر بوپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىشتانسىزغا ئاغ زايا،
ئەقىلسىزغا جان (زايا).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىنەكنى تۇغدۇرۇپ سۈتىنى ئال،
ناداننى ئىشلىتىپ كۈچىنى (ئال).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

—ئىشەك نېمە؟

—تىكىپ - سۆكۈش.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ياخشى نىيەت دىتتىن چىقار،
يامان نىيەت دۆتتىن (چىقار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ياماننى ياخشى قىلىش دانانىڭ ئىشى،
ياخشىنى يامان قىلىش ناداننىڭ ئىشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يامان ئوغرى پاخال ئوغرىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يالغانچىنى سۆزىدىن بىل،
سۆزىدىن بىلمىسەڭ كۆزىدىن بىل.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يول بىلمەسكە يول تار كېلەر،
ئۇسسۇل بىلمەسكە سورۇن (تار كېلەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يولىنى بىلسەڭ سۇمۇ ئۆگزىگە چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يۈگەنسىز ئاتنى پالۋان مىنمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يەتتە ئۇرۇقنى تونۇمىغان ئۈي—تەلۋە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يەتتە ئۇرۇقنى تونۇمىغان—قۇلدۇر،

يەتتە ئۇرۇقنى تونۇمىغان—يېتىمدۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئەگەر ئىككىمىز ئەتە غەزەپلىنىپ، ئۇن نەچچە يىل ھەتتا ئۆلگۈچە ئازابلىنىشنى خالىساق، بىزنىڭ بۇنداق قىلىشنىڭ توغرىلىقىغا بولغان ئىشەنچىمىز ھەرقانچە يۇللۇق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭغا پەقەت ئادەم چاقىدىغان كىچىككىنە تەنقىد بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ.

كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا، ئەقىللىق ھايۋان بىلەن ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتچان ھايۋان بىلەن، خۇراپىي قاراشتىكى تىكەن يۇڭلۇق ھايۋان بىلەن، ھەتتا تولىمۇ تەكەببۇر، ئابرۇيپەرەس ھايۋان بىلەن ئالاقە قىلىدىغانلىقىمىزنى ئەستە تۇتۇشىمىز لازىم.

دالى كارنېگ ئەسەرلىرىدىن

ئەڭ زور دەرىجىدە تەكەببۇرلۇق قىلىشمۇ، ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆزىنى كۆزگە ئىلماسلىقمۇ، روھىنىڭ ئەڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سپىنورا

ھۇرۇنلۇق گۇمانخورلۇق ۋە تەشۋىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەرىكەتتىن ئىشەنچ ۋە جاسارەت كېلىپ چىقىدۇ. تەشۋىشنى تۈگەتمەن دېسەڭ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۇنى ئويلاۋەرمەي، تالاغا چىقىپ پايپېتەك بول.

دالى كارنېگ ئەسەرلىرىدىن

ھۇرۇنلۇق دېمەك—ھالاك بولۇش دېمەكتۇر، ئالدىراشلىق،

خۇشاللىق دېمەكتۇر، بىكارچىلىق، چۈشكۈنلۈك، زۇلمەت ئىچىدە ھوشىنى يوقىتىش دېمەكتۇر.

دېفوئې

ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى بىلمەسلىك قوش ھەسسىلىك نادانلىقتۇر.

پلاتون

ھەقىقىي تەربىيە كۆرگەن كىشىلەردىن بولۇش ئۈچۈن، كەڭ بىلىم، تەپەككۇر قىلىش ئادىتى ۋە ئالىيجاناب مىجەزدىن ئىبارەت ئۈچ پەزىلەتنى ھازىرلاش لازىم. بىلىملىك بولمىسا نادان بولىدۇ؛ پىكىر قىلىشقا ئادەتلەنمىسە قارام ۋە دۆت بولىدۇ؛ ئالىيجاناب مى-جەز بولمىسا پەسكەش بولىدۇ.

چېرنىشېۋسكىي

ئېيتماقچىمەنكى، ئەڭ زور خاتالىق نادانلىق ۋە سەزگۈ بول-ماسلىقتۇر.

توماس كارلىلې



ھاياتلىقتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش—ئۆز ھاسىلاتىدىن پايدىلان-ماسلىق، ئەخمەقلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىدۇ. ھەقىقىي ئەڭ مۇھىم ئىش—مەغلۇبىيەتتىن نەپ ئېلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئە-قىل ـ پاراسەت كېرەك، بەلكى بۇ ئەقىللىقلار بىلەن نادانلارنىڭ پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

ۋىلىيام بولىتو

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ۋاقىتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى چۈشىنىش لازىم. ئۇنىڭدىكى ھەربىر دەقىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇنى قولدىن بەرمەسلىك ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش لازىم. بىكار تەلەپ، نادان، ھورۇنلاردىن بولماڭ، ئىشنى كېيىنگە سوزماڭ. بۈگۈن قىلىۋەتكىلى بولىدىغان ئىشنى ھەرگىز ئەتىگە قالدۇرماڭ.

چېستېر فىلد كىراملىرى

مەڭگۈ نادانلىقتا قېلىشنىڭ مەخپىي رېتسېپى ئىنتايىن ئاددىي ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ: ئۇ بولسىمۇ ئۆز پىكرىدىن مەمنۇن بولۇش ھەمدە ئۆزىنىڭ بىلىمىدىن قانائەتلىنىش.

ئېلبېرت ھۇببارد

شەخسىيەتچىلىك—ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئۇسۇل بويىچە ياشاش ئەمەس، بەلكى باشقىلاردىن ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئۇسۇل بويىچە ياشاشنى تەلەپ قىلغانلىق. شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق—باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى پاراكەندە قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىق. شەخسىيەتچىلىك ھامان ئۆز ئەتراپىدا مۇتلەق بىردەك شەكىل پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. شەخسىيەتچىلىك قىلمايدىغانلار چەكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شەكىلنىڭ بىر خىل خۇشاللىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلارغا سۆكۈت قىلىدۇ، ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئوسكار ۋىلدې

كىبىرنىڭ لىباسىن يەشكىل ئۇستوڭدىن،
بىر كۈنى زار ـ خار، ھەيران قىلمىسۇن!

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇقتىن يىراق بول، تەكەببۇرلۇق كىشىنى ئەل ئارىسىدا خار، بىقەدرۇ بىئېتىبار قىلىدۇ.

مۇھەممەد ھۈسەين

ھەي ئوغۇل، ھەركىمدە ئۇشبۇ تۆت بولۇر،
كۆڭۈلسىز—ناخۇش باشقا تۆت تۇغۇلۇر.
كىمكى مەنمەنچى، ئاخىر رەسۋا بولۇر،
سىر غەزەپ دائىم پۇشايماندىن ئۆلۇر.
ھەم تەكەببۇرنىڭ كۆپىيۇر دۇشمىنى،
سارغىيۇر خارلىق تۇپەيلى بۇ تېنى.
چۈنكى خارلىق كىمدە پەيدا بولۇر،
شۇملۇقىدىن ئەل ئارا رەسۋا بولۇر.
يۇتمىسا گەر ئاچچىقتىن ئىچىگە كىشى،
دائىما پۇشمان يېمەكتۇر تەشۋىشى.
كىبىردىن ئېگىز بولسا كىمنىڭ خورىكى،
دۇشمەنگە ئايلىنۇر ھەممە دوستلىرى!

فەرىددىن ئەتتار

تەكەببۇرغا سالام بەرمە، چۈنكى سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ جاۋاب قايتۇرمىغىنى ساڭا ئېغىر كېلىدۇ.

تەكەببۇرلۇقتىن ئاپەت تۇغۇلۇر.

**«ئانىلار سۆزلىرى» دىن**

كۆرۈش قۇۋۋىتى كۆڭلىدە بولغان كىشىگە شادلىقلار بولسۇن!

مەنمەنچى بولما، مەنمەنچى بەسەر① سىز بولۇر،
ھۈنەرلىك بول، مەنمەنچى ھۈنەرسىز بولۇر.
دانانىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزدۇر كان،
ئاسمانۇ يەردىن ھەم بۈيۈك بىگۇمان!

**مۇھەممەد زىھنىي**

مەنمەنلىك ئىنسانغا زاۋاللىق كەلتۈرىدۇ. كىمكى مەنمەنچى بولسا خەلق نەزىرىدىن قالىدۇ. ھەي ئەزىزىم، ئەگەر سەن ئىنسان بولاي دېسەڭ مەنمەنچى بولما، ئۇنداق بولمىسا سەن ئۆز جېنىڭنى خەتەرگە تاشلىغان بولىسەن، مۇبادا سەن ئۇلۇغلۇقنى خالىساڭ كەمتەرلىك يولىنى تۇت! شېئىر:

ئۆزىنى پەست ئالدىيۇ ئۆسۈپ چىقتى دان،
قومۇش باش كۆتۈرۈپ ئېزىلدى گىريان!

**مۇھەممەت جەۋھەر زەمىندار**

ئىنسان ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن دەپ بىلمەسلىكى، ئۆزىنى ئەقىللىق، ئۆزگىلەرنى ئەقىلسىز دەپ خىيال قىلماسلىقى،

① بەسەر: كۆرۈش.

ھەرقانداق ياخشى ئىشنى ئۆزىگە لايىق ۋە ئۆزگىلەرگە نالايىق دەپ ھېسابلىماسلىقى زۆرۈر. ئەگەر، يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارغا يول قويۇلسا، دېمەك بۇ مەنمەنلىكتۇر. مەنمەنچى ئادەم ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرمەيدۇ، كۆرسىمۇ ئۇنى كەمچىلىك دەپ سانىمايدۇ ياكى تەن ئالغۇسى كەلمەيدۇ. باشقىلارنىڭ بىرەر ـ يېرىم كەمچىلىكىنى كۆرۈپ قالدىمۇ، بولدى، شاۋ ـ شۇۋ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ.

خەيالىددىن ئەل ـ ھەسەنىي

بېيىت:

ياخشىلار ئەيىبىدىن كۆز يۇمغىل ھەر ئان،
ھەسەت كۆزى بىلەن باقمىغىل زىيان.
ئۆز ئەيىبىڭنى كۆرمەككە يۈز مەرتە كۆز ئاچ،
ئۆزگىگە بىر قېتىم ھەم كۆز ئېچىشتىن قاچ!

مۇھەممەد ھۇسەين.

مەنمەنچى ئادەملەر ئۆزلىرى سەزمىگەن ھالدا باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ ۋە مەنمەنلىكنىڭ ئېغىر زىيانلىرىغا دۇچار بولۇشىدۇ. مەنمەنلىك ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن كىشىنىڭ تۇزەلمىكى قىيىن. چۈنكى، مەنمەنچى ئۆز ئەيىبىنى سەزمەيدۇ، سەزسىمۇ، تەن ئالغۇسى كەلمەيدۇ. مەنمەنچى كىشىگە نەسىھەت قىلىنسىمۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىسا، مەنمەنلىكىنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلمىسا، دېمەك ئۇنىڭدىن يىراق يۈرۈش، بەلكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ۋە ئۇلپەتچىلىكتىن قېچىش لازىم.

خەيالىددىن ئەل ـ ھەسەنىي

ھېكمەت ھەرقانداق كىشىگە مەنستىمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىما، ھەتتا، ھەربىر ئاجىز چۈمۈلىگىمۇ ھاقارەت كۆزى بىلەن باقما. ئېھتىمال ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى ئايانچلىق بولسىمۇ، ۋۇجۇدى ئادىمىيلىك خىسلىتى بىلەن لىپمۇلىقتۇر. شېئىر:

چوڭ ـ كىچىكلەر بۇ يولدا بىر ـ بىرىگە موھتاجدۇر،
بەزەن ئۆمۈچۈك ئىشى پىنھان تۇتار ئادەمنى!

مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار

ئەگەر بىر كىمنى تەنقىدلىسەڭ، تەنقىدىڭ تەسىر قىلمىسا ياكى بىرىنى ماختىساڭ، ماختىشىڭ ئۇنى توغرا يولغا باشلىمىسا، بىلگىنكى، ئۇنداق ئادەم تاش ياكى تام بىلەن ئوخشاش دېمەكتۇر.

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ھېكايەت بىر كۈنى ئوق بىلەن ياي بىللە بولۇپ قېلىشقان چاغدا، ئوق يايغا قاراپ دېدى:

—ھەي ياي، مەن تۈز ـ توغرىلىقىم تۈپەيلى توغرا يولغا يۈرۈپ ئابرۇي تاپتىم. ھەتتا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنىمۇ يەرگە چۈشۈرۈشكە كۈچۈم يېتىدۇ. سەن بولساڭ ئەگرىسەن، مېنىڭ بىلەن تەڭلىشىمەن دەپ ئويلىما، مېنىڭ ئالدىمدا لاپ ئۇرما! مېنىڭ توغرامدا بىر شائىرنىڭ ئاجايىپ مىسرا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ:

ئەگرى بولما خۇددى ياي كەبى،
توغرىلىقنى ئۆگەنگىن ئوقتىن!

ياي دېدى:

—ھەي ئوق، قاشتەك ئەگرىلىكىم بولمىسا، سېنىڭ قەدرىڭ بىر تىيىن! سەن مېنىڭ ئەگرىلىكىم تۈپەيلى ئابرۇي تاپتىڭ. بولمىسا بىر تال چۆپسەن، خالاس. سەن قامىتىڭنى رۇسلاش ئورنىغا دىلىڭنى توغرىلا!

ئوق يايىنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق ئۇيالدى. شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇنىڭ يۈزى مەردلەر مەيدانىدا ھەر دائىم قىزىلدۇر. بېيىت:

كىم ئىنتىلسە كامىللىققا ئۆزىنى پەست تۇتىدۇ،
ئاتلىق ھەم بارا ـ بارا نائىلاج يەرگە چۈشۇر!

شېئىر:

يەرگە قويغان بېشىنى يەردىن دانا ئالىدۇ،
كىمكى كۆتۈرسە بۇرنىن ئۇنى قانىتىپ ئالىدۇ!

**مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار**

كىم سېنى ئۆزۈڭدە يوق سۈپەتلەر بىلەن ماختىسا، ئۇنىڭغا ئىشەنمە، چۈنكى شۇ كىشى سېنىڭدە يوق يامان ئىللەتلەر بىلەن باشقا يەردە سېنى سۆكۈشى مۇمكىن.

**«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن**



كىمكى بىراۋنى ئۇنىڭدا يوق سۈپەتلەر بىلەن ماختىسا، بۇ ماختاش ئەمەس، بەلكى ھەجۋىي، يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن كۈلگەنلىكتۇر.

**مۇھەممەد ھۇسەين**

ئۆلگەندىن كېيىنكى ماختىلىشى ئىككىنچى ھايات، تىرىكلىكتە يامانلىنىش بولسا ئۆلۈمدۇر.

ئادەمنى ئۇنىڭدا يوق سۈپەتلەر بىلەن ماختاش ئۇنى قاتتىق سۆكۈش دېمەكتۇر.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

كەمتەرلىك دەرىخىن تۇتقۇزساڭ ئەگەر،
مۇھەببەت يېمىشىدىن يەيسەن ھەرقاچان!

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

بىر دانا شۇنداق دەيدۇ: «ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن قىلىنغان ياخشىلىقتىن ھېچكىمگە بىلدۈرمەي خىلۋەتتە قىلىنغان گۇناھ ئەۋزەل». بېيىت:

رىيال بىلەن ئەل كۆزىنى بويىغاندىن، ياخشىراق—
خىلۋەت ئىچرە مەي ئىچىپ، يۈزلەپ گۇناھ قىلغىنىڭ

ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ھېكمەت ئىككى يۈزلىمىچى دوستتىن قاتىل دۈشمەن ياخشى. بېيىت:

دوست شۇكى دائىما راستىنى سۆزلىگەي،
دۈشمەن بولسا ئەيىبىڭنى تۇتار پىنھان.

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

غەرەزچى ۋە ھەسەتخور كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنمە،

ئاددىيسى ئۇلارنى مەرىكە ـ ئولتۇرۇشلىرىڭغىمۇ يولاتما!

مۇھەممەد ھۈسەين

ھېكمەت كۆڭلىدە غەرىزى بار دوست دۈشمەندىن بەتتەر! ب
يىيت:

دوستى ئۇچۇن دىلدا غەرىزى بولۇپ،
زەھەر ساقلاپ يۈرسە ھەر كىشى پىنھان.
راستلىق ـ ساپلىق كۈتۈپ ئۆمرۈڭ ئۆتكۈزمە،
قارا دىلدىن كۈتۈپ بولمىغاي ئېھسان!

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

غەرەزچىگە سالام بەر ـ دە، قاچ!
تەنقىد بولمىغان يەردە يۈكسىلىش بولماس.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

كەمتەرلىك كىشىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ، مەنمەنلىك بولسا تۆۋەنلىككە يېتەكلەيدۇ. كەمتەر كىشىنى ھەممە ھۆرمەت قىلىدۇ، مەنمەنچىدىن بولسا نەپرەتلىنىدۇ.

مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار



بىلگىنكى، سەۋردە خاسىيەت ۋە مەنپەئەت كۆپ. سەۋر شۇندىكى، مۇسىبەت ۋە بالا ـ قازا كۈنلىرىدە داد ـ پەرياد قىلىنمايدۇ، قاپاق سېلىنمايدۇ، چىرايى سولغۇنلاشتۇرۇلمايدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر كۆرۈنۈشى شۇنداقكى، كىشىلەر ئالدىدا بىچارىلىكتىن شىكايەت قىلىنمايدۇ، تاقەت ـ چىدام يولىنى تۇتىدۇ.

مۇھەممەد جەبەلرۇدى

ئېغىر كۈنلەردە سەۋر قىلىش ئەڭ ئۇلۇغ نېمەت.
مۇھەممەد زېھنى

سەۋر قىلغان كىشى يېتەر مەقسەتكە،
سەۋرسىز قىز يالچىماس ھەرگىزمۇ ئەرگە.
ئالدىرىماي قىلىنغان ئىش بولۇر پۇختا،
ئالدىراپ ئىچكەن كىشى مەست بولۇر تېزلا.
مۇرادنىڭ بېشىدا سالمىغىن كۆپ داد،
مۇردا سەۋر تىلەر، تىلەرمۇ پەرياد؟!
ئاتنى كۆندۈرمەك بولساڭ سەن ئەگەر،
رام قىلساڭ ئاستا، شۇندا مىنەرسەن ئېگەر.
نىزامىي گەنجەۋى

—ھەي ئەزىزىم، كىشىگە رەنجۇ مېھنەت يۈزلەنگەندە، ئۇنىڭ سەۋر ـ قانائەت قىلمىقى ئەڭ ياخشى خىسلەتتۇر. نەزم:
رەنجۇ غەم يۈز بەرسە قىلما كۆپ پەرياد،
ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر كەلمىسۇن باشقا!
مۇھەممەد جەبەلرۇدي



سەۋر بىلەن تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇر كىشى،
سەۋر ئاچقۇچ ئېرۇر بېكىلسە ئىشى.
نىزامىي گەنجەۋى

سەۋر دېمەك، بارچە مېھنەت ۋە ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىش ۋە

چىداشتۇر. بىچارە ۋە كەمبەغەل بولسىمۇ، ئۆزىنى بەدۆلەت كىشىدەك تۇتۇش، ئۇچرىغانلا كىشىگە ئۆز ئەھۋالىدىن شىكايەت قىلماسلىق، غەملىك كۈنلەردىمۇ ئۆزىنى خۇشال ۋە ئۇچۇق چىراي قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

سەۋرلىك ئادەم ئۇزاق ياشايدۇ. سەۋرى كۆپنىڭ دوستى كۆپ،
يامان كۈندە سەۋر قىلغان كىشى ياخشى كۈنگە تېز يېتىدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

قانائەت ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىدۇر. ئەمما قانائەت قىلىش رىزىق ئىزلەش ۋە كەسىپ شۇغۇللىنىشتىن ئۆزىنى تىزگىنلەش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى كەسىپ بىلەن تاپقان نەرسىگە شۈكۈر قىلىش ۋە ئارتۇقچىسىغا ئىنتىلمەسلىكتۇر. قانائەتلىك ئادەم ھەر دائىم زىياپەت ئىچىدە ۋە زەۋق - ساپا ئارىسىدا يۈرگەن كەبىدۇر. چۈنكى، قانائەت يولىنى تۇتقان كىشى ھەر نەرسىگە قايغۇرۇپ، غەم چېكمەيدۇ. «پالانچى ئۇنى ئېلىپتۇ، پۇستانچى بۇنى ئېلىپتۇ، مەنمۇ ئېلىشىم كېرەك، پالانى نەرسە ئۇنىڭدا بولىدۇيۇ، مېنىڭدە نېمىشقا بولمايدۇ؟» — دەپ جېنىنى قىيناۋەرمەيدۇ.

مۇھەممەد ھۇسەين



قولۇڭنى سىلكىپۇ، باقما جاھانغا،
قانائەت ئەيلىگىن بىر پارچە نانغا!
ئۆيدە جىم ئولتۇرغان ياخشىدۇر جان دەپ.
ھەر كىم تەمە يولىن تۇتسا ئەگەردە،

ئاقىۋەت بىر كۈن بولۇر دىۋانە!

نىزامىي گەنجەۋى

دانا كىشىلەر ئېيتۇرلەر: «قانائەت تۈگىمەس بايلىقتۇر، قانائەتلىك كىشى ھېچقاچان كەمبەغەل بولماس، چۈنكى ئۇنىڭ ھېچ كىمگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ. قانائەتسىز كىشى گادايغا ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى بار بولسىمۇ كۆزى تويماس، يەنىمۇ كۆپرەك تېپىشقىلا ئىنتىلۇر، بىر نەرسە تىلەش ئۈچۈن ئۆزگىلەر ئالدىدا تىزلىنىدۇر».

قانائەتسىز كىشىنىڭ كۆڭلىدە خەسىسلىك ئوتى يالقۇنجىغان بولىدۇ. مال ـ دۇنياسى ھېسابسىز بولسىمۇ، يەنىمۇ كۆپەيتۇرۇش كويىدا ھېچقاچان، ھېچكىمگە، ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ. باشقىلارنى بىر چىشلەم نېنىدىنمۇ بەھرىمەن قىلمايدۇ.

«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

خەسىسنىڭ ئۆيىدە يېگەندىن ھالۋا،
كەپەڭدە قاتقان نان يېگىنىنىڭ ئەلا.
شاد بولسا قانائەت بىرلە ھەر كىشى،
ئۆلگۈنچە بولمىغاي ئەسلا تەشۋىشى!

نىزامىي گەنجەۋى

ھېكمەت دىل بايلىقى ۋە روھ ئوزۇقى ئۈچ نەرسىدىندۇر. بىرىنچى، ئىلىمدە؛ ئىككىنچى، رازىمەنلىكتە؛ ئۈچىنچى، قانائەتتە.

بېيىت:

دۇنيا نېمىتى ئەيلىسەڭ ھەۋەس،
ئىلىم، قانائەتكە ئىنتىل ھەرقاچان.
باشقىسىغا تەمە قىلماق نادانلىق،
باشقىسىنى ئىزلىگەي كىم بولسا نادان.

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

قانائەتلىك كىشى ئاچ ـ يالىڭاچ بولسىمۇ بايدۇر. دانا ئەسىر بولسىمۇ ئەمىردۇر.

«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

ئەگەر دۇنيادا ئەڭ ياخشى لەززەت بار بولسا، ئۇ قانائەتچانلىق لەززىتىدۇ. قانائەتلىك كىشى راھەتتە ياشاش بىلەن بىللە، باشقا كىشىلەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بولىدۇ، ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش شادلىقسىرى يېتەكلەيدۇ. باشقىلارمۇ قانائەتلىك كىشىنى ھۆرمەتلەيدۇ.

مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار

ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ يېقىملىق خىسلەتلىرىدىن بىرى قانائەتتۇر. قانائەتچان كىشى ھېچقاچان خار بولمىغاي. ئەكسىچە، كىشىدە قانائەت بولمىسا، تاپقان ـ تۇتقىنىغا سەۋر قىلماي، يەنىمۇ كۆپرەكىگە ئىنتىلسە ئاقىۋەت خارلىقتا قالغاي. شۇڭلاشقا شائىرلار:

بولسا ئەگەر داغ سۇ، پارچە قاتقان نان،
ئۆزگە قاچىسىغا كۆز تىكمە ئىنسان.

بولساڭ ئەگەر تاجۇ تەختكە سەن موھتاج،
زەمىننى تەخت دەپ بىل ۋە قۇياشنى تاج!

دېيىشىدۇ.

«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

ئەزىزىم، ھەركىم قانائەت بايلىقىغا ئىگە بولسا، ھېچكىمگە يېلىنمىغاي، كىمكى ھېرىس بالاسىغا مۇپتىلا بولسا، ئۇنىڭ ھاياتى دائىما ئازار ئىچىدۇر.

خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ھېكمەت  قانائەت يېمىشى راھەت، كەمتەرلىك مېۋىسى مۇ-ھەببەت. بېيىت:

قانائەت ئەيلىگىن، ھەي ھوشيار كىشى،
قانائەت بېرىدۇ راھەتتىن نىشان!

مەجدىددىن خەۋافىي

قانائەتلىك كىشىنىڭ ھەمىشە قارنى توق.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

قانائەتنىڭ يەنە بىر كۆرۈنۈشى يېيىش - ئىچىشتە بىلىنگەي، ئاز تاماق يېيىشكە قانائەت قىلغان كىشى كەم كېسەل بولۇر. بېيىت:

كۆپ يېمە گۆردىكى قۇرتلار مىسالى،
ئاز يېمەككە بەل باغلا گويا چۈمۈلى.

بىر تېۋىپ بىر كۈنى بىر ئەجەب ھېكمەت—
ئەل ئۈچۈن ئېيتقانمىش قىلىپ مەرھەمەت:
«يېگىن، ئىچكىن دائىم كۆڭۈل تارتقۇنچە!»

«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

سوئال: «قانائەت نېمە؟» جاۋاب: «كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىنى كۆرۈپ مەيۇسلەنمەسلىك، تەمەگەرلىكتىن قېچىش، چۈنكى تەمەگەرلىك تەبىئىيكى، كەمبەغەللىكسىرى باشلايدۇ!»
مۇھەممەد زېھنىي

كىشى ئۈچۈن دىلنى يورۇتقۇچى ئەڭ پايدىلىق نەرسە قانائەت. تۇر. ئەڭ زەرەرلىك ۋە نەپرەتلىك نەرسە ھېرىس ۋە غەزەپتۇر. شاد. لىق قانائەتتىن كەلسە، غەم ھېرىس ۋە غەزەپتىن كېلىدۇ.
«جاۋىدانى خىرەد» تىن

ھېكايەت بىر كۈنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بۇجانىس ھەكىمنى مەجلىسكە چاقىرتتى. بۇ جانىس ئۇنىڭ ئەلچىسىگە: «ئىسكەندەرگە ئېيت، ئۇنى بىزدىن ئۇزاقلاشتۇرۇۋاتقان ۋە بىزنى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان نەرسە بار. ئۇ دەل سەلتەنەتتۇر. ئۇ ھەمىشە سەلتەنەت ئىشتىياقىدا، بىز بولساق قانائەت ئارزۇسىدا!» بېيىت:

ھەر كىشى بارىغا قانائەت قىلسا،
ئەجەبلەنمە، چۈشمەس بىراۋغا ئىشى.
يۈرىكىدە كىمنىڭ تەمە بولمىسا،

ھېچكىمدىن بولماس قورقۇش، تەشۋىشى!

مۇئەييەددىن جۇۋەينى

ئاز تاماقىقا قانائەت قىلماقنىڭ پەزىلەتلىرىدىن بىرى يەنە شۇكى، ئادەمنىڭ ئىلىم ۋە ھۈنەرگە بولغان ئىنتىلىشىدە ھورۇنلۇق ۋە ھەپسىلىسىزلىك بولمايدۇ، ئاشقازان غىزانى ھەزىم قىلىشقا ئاجىزلىق قىلمايدۇ، كىشىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ سېزىمچانلىقى بۇزۇلمايدۇ. بېيىت:

سۇ گەرچە بولسىمۇ شېرىن ۋە زىلال،
ئارتۇقچە ئىچىلسە كەلتۈرەر مالال.
تارغاقنى كۆردۈڭمۇ مىڭ چىشى باردۇر،
ھەر چاچقا چاڭ سېلىپ دائىما خاردۇر.

«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

نەزمىي ھېكايەت

ئوقۇغاندىم، ئىككى زېرەك بىر يۇرتتا،
بىر بۇلاق قېشىغا كەلگەن ۋاقىتتا.
بىرى ئاز ئىچىشتىن ئۆلدى ناگاھان،
بىرى كۆپ ئىچىشتىن تەسلىم قىلدى جان.
يەپ - ئىچىش يولىنى بىلمەيىن قانداق،
ئاچلىق ۋە توقلۇقتىن ئۆلدىلەر شۇنداق.
قارنىڭنى دۇمباتىما ئارتۇق يېمەكتىن!

نىزامىي گەنجەۋى

ھېكايەت بىر ئۆلۈغ كىشىدىن: «قانائەت ياخشىمۇ ياكى

بايلىق؟» دەپ سوراشتى. ئۇ: «قانائەت بايلىقنىڭ ئاساسىدۇر، قانا-ئەتسىز كىشى ھېچقاچان باي بولالمايدۇ!» دەپ جاۋاب بەردى.

مۇھەممەد جەۋھەر زەمندار

يۇنان ئىسىملىك مەشھۇر ھەكىمنىڭ ئالدىدا بىر كىشى: «ئىنسان ئۈچۈن ئۆز ئارزۇسىغا يەتمەكتىن بۈيۈك سائادەت يوق!» دەپ قالدى، شۇ چاغدا يۇنان ئۇنىڭغا: «ئاز ـ كۆپكە قانائەت قىلىپ ياشىماقتىن بەخت يوق!» دەپ جاۋاب بەردى.

مۇھەممەد زىھنىي

تاشلىغىل ھېرسنى، قانائەت پېشە قىل،
شۇم ئۆلۈمنىڭ پەنجىسىن ئەندىشە قىل!

فەرىدىددىن ئەتتار

ئىككى بۆلۈك كىشىلەر بولىدۇ: بىر بۆلۈك تاپقىنىغا قانائەت قىلماي ئىزلەشتە داۋام قىلىدۇ، ئىككىنچى بۆلۈكى بولسا تاپال-مايدۇ، بىراق ئىزلەشتە بولىدۇ.

قانائەتلىك كىشى قىيىنچىلىققا ئۇچرىمايدۇ، ۋىجدانلىق كىشى بىچارىلىك كويىغا كىرمەيدۇ.

قانائەتلىك قۇل ئازاد، ئازاد تەمەخور بولسا قۇلدۇر.
ئۈمىدسىز ئادەم روناق تاپالماس.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ھەكىملەرنىڭ ئېيتىشىچە، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا داد ـ پەرياد قىلىشتىن ۋە بۇ ئىشتىن دوست ـ دۈشمەنلىرىنى خەۋەردار

قىلىشتىن كۆرە، سەۋر ۋە چىدام يولىنى ئىختىيار قىلىپ، قانا-ئەتنى شوئار قىلماق ياخشىدۇر. سەۋەب شۇكى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دوستلار كۆڭلىگە خىجالەتلىك چۈشىدۇ، دۈشمەنلەر بولسا خۇرسەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا، چىدام يولىنى تۇتۇپ، بۇ بالادىن قانداق قۇتۇلۇش يولىنى ئويلىماق كېرەك.

ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

دۇنيادا پەقەت ھالال ئىشلە، ھالال يە، ھارامدىن تېپىلغان مال ھېچكىمگە ئەسقاتمايدۇ.

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

ئىككى نەرسە دۇنيادا ئەڭ ئەزىزدۇر: بىرى ئۆز قولى بىلەن تېپىلغان بايلىق، ئىككىنچىسى، دىلدا دوستلۇقى مۇستەھكەم بولغان سادىق دوست.

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ئەزىزىم، بىلگەيسەن، قاچانكى تەلەپ ئايىغى رەنج - مېھنەت تىكىنى بىلەن مەجرۇھ بولمىغۇچە، ۋىسال قولى مەقسەت گۈلىنىڭ ياقىسىغا يېتەلمەس، كىشىدە كۈچلۈك ئىنتىلىش بولمىغۇچە، مۇرادىنىڭ قۇياشى مەشرىق ئۇمىدى ئۈپۈقىدىن نۇر چېچىپ چىقماس. چۈنكى، گۈل ئۈزمەك ئۈچۈن تىكەن زەھرىنى ئىچمەك لازىم. رەنج چەكمەستىن تۇرۇپ، گەنج ئىشىكىنى ئاچماق مۇمكىن ئەمەس، دېمەك، مەقسەتكە يەتمەك ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشماق لازىم.

خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

—ھەي ئوغۇل! بۇ دۇنيا ئۈستىخانىسىدا شۇنداق يول تۇتكى، كىيگەن كىيىمىڭ ۋە يېگەن يېمەكلىكىڭ ھالالدىن بولسۇن!

ئەبدىبەك شېرازىي

کىمدەكى باتىن هارامدىن پاك ئەمەس،
ئۇنىڭ روھى قابىلى ئەفلاك ئەمەس!

فەرىدىددىن ئەتتار

ئەزىزىم، كىمكى بىرەر ئىشنىڭ تەلىپىدە قەدەم قويسا، بۇ ئىشنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا چىداشلىق بەرسۇن، مەقسەت كەئىـ-بىسىسىرى يولغا چىققان ئادەم زەخمەت سەھراسىدىن چۆچۈمەسـ-لىكى لازىم.

خوجا سەمەندەر تېرمىزى

جىگىرىڭ قېنىنى نان قىلىپ يە، ئەمما بىكار نان ئۈچۈن بىر كىملەرنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئىتقا ئوخشاش قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ يۈرمە!

ئەبدىبەك شىرازى

نىمىتىم ئاشسۇن دېسەڭ ئۈست ـ ئۈستىگە،
نان ئۇۋاقىن چاچما ئاياغ ئاستىگە!

فەرىدىددىن ئەتتار



زەخمەت چەككەن لەززەتنى ياخشى بىلىدۇ.
ۋەزىپىسى يۈكسەك ئادەمنىڭ زەخمىتىمۇ كۆپ بولىدۇ.
جاپا چەكمىگەن بەختلىك بولماس.
هالال ئەمگەك بىلەن تېپىلغان ۋە خەيرلىك ئىشلارغا سەرپـ-لەنگەن بايلىقتىنمۇ ياخشىراق بايلىق يوق.

«ئاتىلارنىڭ سۆزلىرى» دىن

يەر يۈزىدە شۇنداق ياشاشقا ئىنتىلكى، تاپقان پۇلۇڭ بەقەت توغرىلىق ئارقىلىق كەلگەن بولسۇن!

ئەبدىبەك شىرازىي

بولمىسۇن ئالەمدە رىزقىم كەم، دىسەڭ،
مەئىشەتنى قىلمىغىل سەن، غەم يىسەڭ.

فەرىددىدىن ئەتتار

كىمكى ئەمگەك قىلسا پۇشايمانلىقتا قالماس.

«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

بىر ئىش بىلەرمەن ۋە ئەمگەكچان كىشىدىن: «بىچارە ۋە ئاجىز كىشى قانداق بولىدۇ؟»—دەپ سوراشتى. ئۇ كىشى شۇنداق دىدى: «بىچارە، ئاجىز، ئىش ياقماس، ھۇرۇن كىشى شۇنداق كىشىكى، ئائىلىنى بىقىشقا، نەرسە تېپىشتا سۇس بولىدۇ. غەيرەتسىز، ھىممەتسىز بولىدۇ، خوتۇنىنىڭ يىنىدىن چىقماي، ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىدۇ».

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

لۇقمان ھەكىم ئۆز ئوغلىغا دىدى:
—ھەي ئوغلۇم، ھۇرۇنلۇق كوچىسىغا كىرمە، كۆڭلۈڭ تار بولمىسۇن، چۈنكى كىمدە ھۇرۇنلۇق ۋە سەۋرسىزلىك بولسا، ئۇ ھېچقاچان بەختكە ئېرىشەلمەس!

«جاۋىدانى خىرەد» تىن

مەجمۇئە ئىسمى : ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
كىتاب ئىسمى : تەكەببۇرلۇق ھەققىدە ھېكمەتلەر
پىلانلىغۇچى : مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى : ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر : ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلىقىز مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىر : ئامىنە كىچىك
مەسئۇل مۇھەررىر : ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى : قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات : شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى : (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - قورۇ )
تارقاتقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت : شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 880×1230 مم 32/1
باسما تاۋىقى : 3 باسما تاۋاق
خەت سانى : 51 مىڭ خەت
نەشرى : 2008 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى : 2008 - يىل 8 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—80744—432—9
باھاسى : 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )